# نۇسرەت كۆكىدىكى تۇمان

(پوۋېست)

مەمەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

# نۇسرەت كۆكىدىكى تۇمان

مىلادىيە 1665 ـ يىلى ياز ئېغىر ئەلياتقۇ بولغىنىغا قارىماي، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ياركەنت شەھىرىدە هايات يەنىلا هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئوردىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بازاردا جىن چىراغ، پەتەر يورۇغىدا ئۆپكە ـ هېسىپ، لەمپۇڭ، سېرىق ئاش ۋە يازنىڭ چانغاهۇزۇر مېۋىلىرىنى سېتىۋاتقانلار، ئاللاھ قانداق بىرەر هاجەتبىلەن كوچىدا ئارقىسىدىن ئىت قوغلىغاندەك كېتىۋاتقانلار كۆزگە روشەن چېلىقاتتى. يىراقتىنساتارغا تەڭكەش قىلىنغان داپ ئاۋازى بىلەن مۇقامنىڭ سېھىرلىك كۈيى ياڭرايتتى. مۇقامچىنىڭ جاراڭلىق، سۈزۈك ئاۋازى ئاستانە كېچىسىنىڭ مەيىن شاماللىرىدا يىراق ـ يىراقتا تارقىلاتتى. ئۇيغۇسى قېچىپ ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخ ئاستىدا يان ياتقىنىچە سەگىدەۋاتقان كىشىلەر ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرىنىڭ يېقىملىق، سۈزۈك، لەزىز، سېھىرلىك كۈيگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك هاجانلىق هېسلىرىنى زورىغا بېسىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشاتتى. بەزىدە خانىقالاردىن ئاڭلىنىۋاتقان «هۇ ـ هۇ »«هۇم ئاللاھ، هەق ـ دوست» دېگەن بوغۇق ئاۋازلار بىردىنلا كۈچىيىپ، مۇقام ئاۋازىنى بېسىپ كېتەتتى. ئەممايەنە بىردىنلا ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، بېشى يوق سۆدەكتوختاپ قالاتتى. ناگان ـ ناگاندا قوللىرىدىكى ياراقلىرىنى كۆتۈرۈپ، كېچىلىك تەرتىپ ساقلاشقا چىققان چېرىكلەر كوچىلارنى ئايلىنىپ رەستە بازارلاردىن كېسىپ ئۆتەتتى ـ دە ئۇدۇل ئورداچوڭ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يان ئىشىك ئارقىلىق ئىچكىرىگە كىرىپ كېتەتتى.

ئوردا سېپىلى مۇستەھكەم بولۇپ، سېپىل ئۈستىدىكى كونگۈرىلىك كۆزەتخانىلاردا كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەر سېپىل ئاستىدىكى ھەربىر تىۋىشنى ئىنىقئاڭلىماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى گىرىسمەن يۇرۇقلۇققا تىكىپ، جىمجىت تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قىلىچ-نەيزىلەر، ئۇستىباشلىرىغا كىيىۋالغان چىرىكچە كىيىملەر سۇس ئاي يۇرىغىدا يالتىرايتتى. دەل شۇ چاغدا كوچىدا تاك-تاك ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇنى پۇتۇپ كەتكەن ياشانغانبىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. -جاھان تىنچ. ئەل ئامان!... تاكتاكچىنىڭ ئۇنى يۇقۇمايتۇرۇپلا، يىراقتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىپ، بارا-بارا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى-دە، ئۇدۇل ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

-كىمسەن!،قەيەردىن كەلدىڭ؟ ئورداسېپىلنىڭ ئۈستىدىكى كۆزەتچى چىرىك نېمىشقىدۇر تەشۋىشلەنگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىدى.

-مەن، خۇدا بەردى ھاكىمبەگنىڭ ئادىمى. جىددىي ھەربىي مەلۇمات بار. قوۋۇقنى ئېچىڭلار،- ئات ئۈستىدىكىچاققانغىنە يېشىل سەللە ئورىۋالغان، ئوتتۇرا يا شلىق كىشى ئالدىراپ جاۋاب بەردى،-تىزبۇلۇڭلار... تېز. ...

شۇ ئە سنادا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان چىرىك بېشى ئاتلىقلارنىڭسۆزىنى ئاڭلاپ، پە ستە يان ئىشىك تۈۋىدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئونباشىغا قاراپ دېدى.

-كىرگۈزۈۋەت. دەرھال ھۆدەيچى بەگكە مەلۇم قىل. شۇئان ئوردا قۇۋۇغىنىڭ يان ئىشىگى مايسىراپ كەتكەن يارىيار ھارۋىسىنىڭ چاقىدەك غىچىرلاپ ئېچىلدى. شۇنىڭغىچىلىك ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تەيياربولغان تۆت ئاتلىق كىشى ئىشىكتىن ئالدىراپ كىرىشتى-دە قاياققا ماڭىمىز» دېگەندەك ئىشكنى ئاچقان چىرىككە قارىدى.

-قېنىئىچكىرگە كىرىپ، جىندەك تۇرۇپ تۇرىشىسلا، ھۆدەيچى بەگ ھازىرلا كېلىدۇ. ئاتلارنى ماياققا...،- چېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ قولىدىكى چۇلۋۇرنى ئالدى-دە، سېپىلنىڭ يان

تەرپىگەئېلىپ ماڭدى. ھېلىلا ئاستانىگە كەلگەنلەر ئالدى، تەرەپكە ـ ئوردىنىڭ سۈتتەك ئايدىڭداقارىيىپ كۆرۈنگەن ھەيۋەتلىك گۈمبەز، قوببىلىرىغا قاراپ، ھەيران بولۇشقاندەك تۇيغۇغاكىلىپ قالغان بولسىمۇ، تۆت ـ بەش كۈندىن بۇيانقى ئۆتەك ـ ئۆتەڭدە ئات ئالماشتۇرۇپ، سەپەرنىداۋاملاشتۇرۇش داۋامىدا ئوبدانلا ھاردۇق يېتىپ، يېنى يەر تارتىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۆزھەيۋەتبىلەن خانلىقنىڭ سەلتەنەتىنى نامايەن قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئوردا بىناسى ئۇلارنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قارىتالمىدى. شۇنىڭغىچىلىك ئۈچ چىرىكنى ئەگەشتۈرگىنىچە پەيدا بولغان ھۇدەيچىبەگ قوشتىن چىققان ئۆكۈزدەك ھاسىرغىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئارقىسىدىن سەگقوغلىغاندەك ئالدىراپ سورىدى.

ـ خوش، ھەر قايسىلىرىغا قانداق ياردەم كېرەككىن؟ بىز كېرىيەدىن كەلدۇق. خۇدا بەردى ھاكىمبەگنىڭخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز قولىغا تەككۈزىشكە يېزىپ بەرگەن جىددىي ھەربى مەلۇماتى بار. قالماقلاركېرىيەگە ھۇجۇم قىلدى. مەلۇماتنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ تەخسىر، مۇمكىن بولسا ئادالەتپاناھشاھىمىز بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسىلا بۇلاتتىكەن.

ھۇدەيچى بەگ دېمىنى ئېلىشۋالماقچى بولغاندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىن ئېلىپ، ئالدىدىكى كىشىلەرگە بىر ـ بىرلەپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، بىر پەس تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خانىنى مالال قىلغۇسى، ئەمدىلەتىن ئەۋجىگە چىقىۋاتقان سورۇننى بۇزۇپ، خانغا ھەمراھ بولۇپ، جاھان سەۋدالىرىنى ھەيدەۋاتقان ئەمىرلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئۆچۈرۈپ قويۇشتىن سەل ـ پەل ئەنسىرەپ قالغان بولسىمۇ، ئەمماناتونۇش مېھماننىڭ قالماقلار «كېرىيەگە ھۇجۇم قىلدى» دېگەن گېپى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىدەبولغاچقا، ماقۇللۇق بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتقاچ ئېغىز ئاچتى.

ـ بولىدۇ. ئۆزلىرى مەن بىلەن ماڭسىلا، قالغانلار بىر دەم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشسىلا ...

ھۇدەيچى بەگ گېپىنى تۈگىتىپ، چېرىكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەيۋەتلىك سېلىنغان، گۈمبەز

قۇببىلىرىدىكى رەڭدار كاھىشلار ئۆز سەلتەنەتى تېخىمۇ كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان خان ئوردىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى يولدىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. خۇدابەردى ھاكىمبەگنىڭ چا پارمىنىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئىككى تەرىپىگە تۇجۇپىلەپ، تاللاپ سېلىنغان ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قورشاۋىدىكى يول قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئەمما 10-15قەدەم ئارىلىقتا ياندۇرۇپ قويۇلغان شاھانە شاملار ئەتراپىنى سۇسيورۇتۇپ تۇراتتى. يولنىڭ چېتىدە قېتىپ تۇرغان نۆكەرلەر نەيزىلىرىنىڭ سېپىنى ئوڭ پۇتىنىڭ يېنىغا قويۇپ، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. ئەلچى ئۇلارغا قاراپ ھەيران بولغاندەك، ھەۋەسلەنگەندەك قارىدىيۇ. ئەمما ئۇششاق چاماپ، تېزلىك بىلەن كېتىۋاتقان ھۇدەيچى بەگدىن كېيىن قالماسلىقئۇچۇن قەدەملىرىنى ئىلداملاتتى.

ئۇلار نەچچە ئايلانمىدىن قايرىلىپ، ئابدۇللاخان ياز كۈنلىرىسەداتان ئىسسىق مەزگىلدە ئارام ئالىدىغان، بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان «لالىزارراۋاق» نىڭ يېنىغا كەلدى. ھاكىمبەگنىڭ بىتىكنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچى سانجاق-سانجاق شامىيۇرىغىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن راۋاقنىڭ تۆر تەرىپىدىكى شاھ سۇپىسىدا قىپ-قىزىل خۇتەنگىلىمى ئۈستىگە سېلىنغان تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە بەكتۇ بولۇپ ئولتۇرغان ئابدۇللاخانغا. شاھ سۇپىسىنىڭ تۆۋىدە كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغان ئەمىرلەرگە ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدىكى نازۇ-نېمەتلىرى مول داستىخاننىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان سازەندىلەرگەئەيمەنگەندەك قاراپ قويدى. ئۇ خۇدا بەردى ھاكىمبەگ بىلەن تاسادىپىي ھەمداستىخان بولغانسورۇنلاردا ھاكىمبەگ ئابدۇللا خان، ئوردا ئەمىرلىرى، شاھنىشىن خاننىڭ مۇشۇ لالىزارراۋىقى، يەنە تېخى «ھۆزۈرى ساباھ»، «ھۆزۈرى ناۋا »، «ھۆزۈرى نورۇز» قاتارلىق راۋاقلار ھەققىدە ماختىنىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن تەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ باياتىن ئوردا قۇۋۇقىدىن كىرىپ، «لالىزار راۋاق» نىڭ ئالدىدا

توختىغانغا قەدەر بۇ يەرنى چۇشىدەكۆرگەندەك، قاچانلاردىدۇ مۇشۇ يەردە سەيلى قىلىپ ياتقاندەك ھېسسىياتقا كەلگەن ئىدى. بىراق راۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۈردە - شاھ سۇپىسىدا ئولتۇرغان خاننى ۋە ئوردا ئەركانلىرىنىكۆرۈش بىلەنلا نېمىشقىدۇر پۈت قۇللىرى سىۋس تىترىگەندەك، بەدىنىدە ماغدۇر قالمىغاندەكسىزىم ئىلىكىدە قوللىرىنى قۇلۇ شتۇرۇپ، يەرگە ئېگىشتى. شۇنىڭغىچىلىك ھۇدەيچى بەگمۇ ئۆزىنىئوڭشاپ، كانىينى قۇرۇق قىرىپ قۇيغاندىن كىيىن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغاندەك مەلۇم قىلدى.

- ئەنھەزىرتىمگە مەلۇم بۇلغاي، كېرىيەنىڭ ھاكىمبىگى خۇدا بەردى بەگنىڭ چا پارمىنى جىددىيمەلۇمات ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن قولىدىكى مۇزدەك شەربەتنى ئەمدىلا ئىچىشكە تە شەلگەنخانمۇ، يا شقا ئوردا ئەمىرلىرىمۇ بىردىنلا پەگە تەرەپتە ئۆزگە قول باغلاپ تۇرغان - 45 ياشلاردىن ھالقىغان، ئوتتۇر بۇي، قويۇق ساقاللىق كىشىگە قاراشتى. بۇنى كۆرۈپھۇدەيچى بەگنىڭ كەينىدىن «لالىزار راۋاق» قا كەلگەن كىشى نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلانغاندەك، قۇرۇنغاندەك بولۇپ، بېشىنى تېخىمۇ تۆ ۋەن سالدىيۇ، ئەمما ھۇدەيچى بەگنىڭ بېقىنىغاينىڭ نوقۇشى بىلەن ئۆز ۋەزىپىسى تىزلا يادىغا يېتىپ، قۇيۇن يانچۇقىدىن مەخسۇس خەت ئالاقىسىگە ئىشلىتىلىدىغان كۆن قاپنى ئالدىراپ چىقاردى - دە، ھۇدەيچى بەگكە قوشقوللاپ تەڭلىدى. ھۇدەيچى بەگ ئۇنىڭ قولىدىن ئالغان قاپنى ئالدىراپ ئېچىپ، ئىچىدىن تۈجۈپىلەپ قاتلانغان مەلۇ ماتنامىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، ئەمىرلەرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى «لالىزار راۋاق» قورشاپتۇرغان مىمارچىلىقنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتىنلا پەرق ئەتكىلى بۇلىدىغانسۇپۇغا يېقىنلىشىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، مەلۇماتنامىنى بىشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ خانغا ئۇزاتتى. ئابدۇللاخان قولىدىكى خوتەن قەغىزىگە تۈجۈپىلەپ، دانىمۇ - دانە قىلىپ يېزىلغان مەلۇماتنامىنىئېلىپ تىز - تىز كۆز يۈگۈرتتى - دە، بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈردى. بۇنى

كۆرۈپ، خانىمچىرايدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشكە سىنچىلاپ قاراپ ئولتۇرغان ئەمىرلەرمۇ تەئەجۇپلەنگە ـ ندەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.

ـ قالماقلار كېرىيەگە ھۇجۇم قىپتۇ، ـ دېدى خان ئۆزىگە قاراپ ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغاندەك ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەرگە قاراپ، قارىغاندا دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال جىم تۇرغۇزمايدىغان ئوخشايدۇ، بۇ گەپ بىلەن تەڭ خانىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرى ھىندىقۇش مىرزا ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى..

ـ يەنەشۇ غالدانمىكەن، ئەنھەزرىتىم ؟

ـ ياق. كېرىيەگە ھۇجۇم قىلغىنى غالدان ياكى باشقا قالماق ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەستەكەن ـ ھە.... مەن تېخى غالدان ئۆزى مۆھۈر باسقان كېلىشىمگە چىدىيالماسلىق قىلغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ـ دېدى ھىندىقۇش مىرزا تەئەززۇ بىلەن خانغا ئېگىلىپ قويۇپ، ـ قارىغاندا سېلى دېگەندەك ئۆلارنىڭ نىيىتى مۇ خالىپ ئوخشايدۇ.

ـ بۇ قېتىم كېرىيەگە باسقىن قىلىپ كەلگەنلەر خىللانغان بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەپتۇ، ـ ئابدۇللاخان ئەمىرلەرگە تەكشى قاراپ قويغاندىن كېيىن، قولىدىكى مەلۇماتنامىسىنى پۈلاڭلىتىپ قويدى، ـ غالدان ئۆيياندىن سۆلھى تۈزۈپ، ۋەتىنىمگە قايتىۋىدى. بۇياندىن يەنە باشقا قالماقلارپەيدا بوپتۇ. سىلەرچە قانداق قىلساق بولار؟..!

ئابدۇللاخاننىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بەزىلەر يېنىدىكىلەر بىلەنمۇ پىچىرلىشىپ ئۈلگۈردى بۇنى كۆرۈپ، خانىنىڭ قۇشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايلىق ياستىلغان ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرى لىكىلداپ كەتتى، ئەمما بۇ سورۇننى قەشقەردىن نۇسرەت قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى، يەنە كېلىپ سازەندە ـ رەققاسلار بار ئۇرۇندا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، چىرايىغا زورۇقۇش ئىچىدە كۈلكە يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

- بۇ ئىشنى ئەتە شاھنىشىندا مۇزاكىرە قىلايلى، ئۆزلىرى بۇ مېھمانىنى ئوردىنىڭ تەكيىخانىسىغا باشلاپ، ئۇبدان غىزالاندۇرغاندىن كېيىن، ئارام ئالدۇرسىلا... باياتىن بىرى قۇرساق ئاچلىقىدائۆزىگە يېقىنلا يەرگە سېلىنغان ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدىكى شاھانە داستىرخاندىكى قۇزا، باچكاكاۋاپلىرى، پۈتۈن سېلىنغان تونۇر كاۋاپلىرى ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرگە قاراپ ئەتىگەن يولغاچىقىشتىن بۇرۇن ئالدىراپ ناشتا قىلىپلا سەپەرگە ئاتلانغان، مەلۇمات يەتكۈزگۈچى ئېغىزىغايىغىلغان سېرىق سۇنى نەچچە قېتىم يۇتۇپ ئۆتكۈزگەن ئىدى، مانا ئەمدى خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى داستىرخاندىن تەستە ئۈزدى- دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ تەييار بولغان ھۆدەيچى بەگنىڭكەينىدىنلا سۇڭداشتى.

- قېنى بىكاۋۇل بەگ، قەدەھلەرگە شاراب قۇيۇڭ، - خان بەستە قول باغلاپ تۇرغان، ئۆزىنىڭ يېمەك ئىچمىكىگە مەسئۇل ئەمىرگە بۇيرۇق قىلدى، - قەشقەر تەرەپكە لەشكەر تارتىپ غالدان ئۇستىدىن نۇسرەت قازانغان ئەمىرلەرگە يەنە بىر قەدەھ تۇتاي...

بىكاۋۇل بەگ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ. ئەپيۈن ئارىلاشتۇرۇلغان كۈچلۈكشاراپنى قاشتېشىدىن ياسالغان جاملارغا بۇلدۇقلىتىپ قۇيدى. - قېنى، ھەممەيلەن كۆتۈرۈۋېتەيلى. خاننىڭ قولىغا جامنى ئېلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆز بىلەن تەڭ، ئەمىرلەرمۇ ئالدىدىكى جاملارنىئېلىشتى- دە، لەۋلىرىگە تەگكۈزۈشتى. ئابدۇللا خان جامنى بوشۇتۇپ، قۇللىرىدىكى سازلىرىنىئۆتۈپ ئولتۇرغان سازەندىلەرگە قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئۈلگۈرگەن سازەندىلەر شۇئان مۇقام كۈيلىرىدىن ئارىيە ئورۇنلاشقا باشلىدى. سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك سۈزۈك، تاغ شاملىرىدەك ھۇزۇرلۇق كۈيلەر «لالىزار راۋاق» تا ئولتۇرغانلارنى بىردەمدىلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى.

سازەندىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ساتارنى ئەپچىلگىنەكامالچە بىلەن ئاجايىپ سېھرى كۈچكە ئىگە قىلغان مويسىپىت كىشى ياڭراق ئاۋازى بىلەنناخشا باشلىدى. دەل شۇنى

كۆتۈپ تۇرغاندەك بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئونغا يېقىن رەققازقىز كېپىنەكتەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ـ دە شاھ سۇپىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى بوشلۇقتا ئىنساننىڭ جېنىنى ئېلىپ، جاڭگالدا قويۇدىغاندەك ناز كەرەشمىلەر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. مۇڭلۇق سېھرى كۈي، شوخ ئۇسسۇللار بىردەمدىلا «لالىزار راۋاق» تا ئولتۇرغانلارنى ئۆزگىچە مەپتۇن قىلىپ، باياتىنقى مەلۇماتنى بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ئەسلىرىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. خانمۇ، ئەمىرلەرمۇ جاھاننى ئۇنتۇغاندەك، لەزلىز كۈيگە قۇلاق سالغىنىچە، رەققاس قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىغا قاراپ قېلىشتى. شەرق تەرەپ بېلىق قاسىرىدىدەك ئاقىرىپ، بىرەر ئاشپىشىمدەك ئۆتكەندە قوياش ئاستاننىڭ كۆزىيەتكۇسىز نېرىدىكى قويۇق ئورمانلىقتىن كۆتۈرگەندەك ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولدى، خېلىدىن بېرى ئوردىنىڭ ئىچىدىكىسى ئون مو كەلگۈدەك چوڭلۇقتىكى كۆل بويىدىكى «لالىزار راۋاق» نىڭ سالاسۇنىغا يۆلەنگەن پېتى تۇرغان ئابدۇللا خان قوياشنىڭ كۆتۈرىلگەن ھالىتىگە قاراپ قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىسىدا مەخسۇس خاننى قوغدايدىغاننەۋكەرلەر خۇددى خانغا ئوخشاش ئىپادىسىز ھالدا تىك تۇرۇشاتتى، «لالىزار راۋاق» نىڭئەتراپىدىكى يازدىن تاكى كەچكۈزگىچە مېۋىلىرى ئۆكسۈپ قالمايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا قۇشقاچ، قارلىغاچ، سوپىسۇپىياڭ قاتارلىق جانىۋارلار خۇددى ئۇزۇلمەس بىر سىمپونىيەنى ئورۇنلاۋاتقاندەك ۋىچىرلىشاتتى. باغنىڭ ئۇستىدە ئويۇنچى كەپتەرلەر موللاق ئېتىپ، يېڭىبىر كۈننى كۈتۈۋالغىنىدىغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك بەھۇزۇر ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئەمما خاننىڭ بۇنىڭغا قارىغۇدەك ھەپسىلى يوق ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇۋالغان بولۇپ، پۈتۈن ئىسيادىنى ئاخشامدىكى مەلۇماتنامە چىرمىۋالغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇدا بەردى ھاكىمبەگنىڭ مەلۇماتنامىسىنى قۇرلار زاھىر بولماقتا ئىدى، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جانابى دۆلەت پاناھ، ئەنھەزرىتىمىزنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلەت

سەلتەنىتىنىڭ زىيادە بولۇشىنى تىلەپ، ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىشتىكى مەقسىتىم مۇددىئايىم شۇكى، كەمىنە پېقىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن كېرىيە دىيارىغا ھاكىمبەگلىك مەنسىۋىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش رەئىيەتكە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ، جانابلىرىغا بولغان ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە بولۇپ كەتكەن ئىدىم. ھالبۇكى يېقىنقى ۋاقىتتىن بۇيان قارا شەھەر تەرەپتىن كەلگەن قالماقلار ھەدەپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، چەرچەن، چاقىلىق تەرەپلەردە بىگۇناھ ئاۋامنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلۈكنى بۇلاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، خانلىقىمىزنىڭ بىگۇناھ پۇقرالىرىنى قىرغىن قىلدى. ھەتتا تەپتىماستىن، زېمىنىمىزنى ئۆتۈپ، ئوتوغراقنى ماكان قىلىپ، كېرىيەگىمۇ ھۇجۇم قىلدى. كەمىنە پېقىرلىرى نەچچە قېتىمقۇشۇن تارتىپ ئۇلارنى جازالاشنى نىيەت قىلغان بولسامۇ ئەل-رەئىيەتنىڭ بۇ ئەغيارلىرىنىڭسانى كۆپ (ئىگىلىگەن ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا چېرىك سانى بەش مىڭدىن ئارتۇقراقكەن). ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەننىۋاسى ئاتلىق بولغاچقا ئۇرۇنۇشلىرىم بىھۇدە چىقىمتارتىش بىلەن كۇپايىلەندى. ئەنھەزرىتىمگە سىر ئەمەسكى، ھاكىمبەگلىك تەۋەيىمىزدە چېرىكئاز، ياراقلىرىمىز ناچار بولغاچقا، ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ، تۇرار جايىغا قوغلىۋېتەلىشىمىز بەسى مۈشكۈلدۇر. شۇڭا ئالايىتەن ئۆزلىرىگە بۇ مەلۇماتنى يازدىم. ئۇلۇغ دۆلەت پاناھپاشايىمىزنىڭ سەلتەنىتىمىزنىڭ بۇ ئەغيارلىرىنى تارمار قىلىپ، ئەلنى بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشئۈچۈن ئالاقىلانە تەدبىر قوللىنىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. كېرىيەنىڭ ھاكىمبېگى:خۇدابەردىخاندىن دەپ بىلۈرلا.

ئابدۇللاخان يېنىك ئۇھسىندى. ئۇ تۇنۇگۈن كەچتە مەلۇماتنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، ئەمىرلىرى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئېغىزئاچتىيۇ، ئەمما بىردىنلا يالتىيىۋالدى. ئۇنىڭدا خاننىڭ بۇنداق رەسمى سورۇندا خانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى جاراستانغا چىقىرىشنىڭ بىئەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن سەۋەپلەرى

بار ئىدى. ئۇ خانلىق تەختكە بىر قارار بولغاندىن كېيىن، تېرىقتەك چېچىلىپكەتكەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى قايتىدىن مۇستەھكەملەپ، خانلىق سەلتەنەتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆپ كۈچ چىقارغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇ قوشنا ئەللەرنىڭ ئوششاق يېغىلىقلىرىغا قارشى لەشكەر تارتىپ، غەلىبە نۇسرەتلەرنى قۇچقان ئىدى. تېخى نەچچە يىلئىگىرى خوتەن، كېرىيە لەرگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھۇجۇم قىلغان قالماقلارنى چېكىندۈرۈپ، خانلىقنىڭ ئابرۇيىنى قوغدىغان ئىدى. ئەمما ئىش بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى «ئىككى-ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئاۋۋال ئاقسۇدىن مەلۇماتنامە كەلدى. خوشۇت قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى زور قۇشۇنبىلەن ئۈچتۇرپاننى قىرچاپ قىلىپ، ئاقسۇغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ... ئابدۇللا خان مەلۇماتنامىنى تاپشۇرۋېلىپ، نەچچە كۈنكىچە لەشكەر تارتىش-تارتماسلىق ھەققىدە بىرقارارغا كېلەلمىدى. شۇ چاغدا ئوردىدا خېلى دەتالاش بولدى.

- ئالتەتوك-توك قالماق ئالەمنى مالەم قىلالمايدۇ،- دېگەن ئىدى بىر قىسىم ئوردا ئەمىرلىرى،- ئاقسۇدىكى نايىپ خاننىڭ قول ئاستىدا تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياراقلىرى خىل، لەشكەرلەر مۇنتىزىم تەلىم تەربىيە كۆرگەچكە، جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى. شۇڭا ئۇلارغا شۇڭا ئۇلارغا ھەمدەمگە لەشكەرلەر ماڭغۇزۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

- شۇنداقتىمۇ ياۋنى تۆۋەن چاغلىمىدۇق، - دېدى يەنە بىر قىسىم ئەمىرلەر ئۇلارنىڭ قارىشىغا قوشۇلماي،- ئالماس ئاقسۇدىكىلەر ياغىنىغا تەڭ كېلەلمەي قالسا...

- ئۆزدۈشمىنى خانلىق سەلتەنىتىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش تۈزكور- لىقنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ سۈنى كۆرمەي ئىشتان سالغانلىق... . ئارى، ھەق گەپ، ياۋ ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلار بۇ يەردە ھىماتسىز، ئەدنا سى ئوزۇق-تۈلۈك، لە شكىرى تەمىناتىمۇ ئۇلارنىڭ كاللىسىنقاتتۇرىد-ىغان ئىش. ئەمما بىزگە ئۇنداق ئەمەس. زېمىن بىزنىڭ، ئاۋام بىزنىڭ، ئۇلاربولسىلا، بىز چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز.

- ياۋمۇبۇ ئىشلارنى ھەل قىلالايدىغانلىقىدا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا قىلىچىنى قىنىدىن چىقارغانىشۇڭا...

سۇلتان ئابدۇللاخان ئەنە شۇنداق قارمۇ-قارشى پىكىرلەرنى ئاڭلاپ بىر قارارغا كېلەلمىگەندە، ئاقسۇدىكى ئۇرۇشتا ياۋنىڭ يېڭىلىپ تىرە-پىرەن بولۇپ، باش تىقىپ پاناھلانغۇدەك يەر تاپالماي ئاخىرى سۇلھى تۈزۈپ قايتقانلىقىنى، ئەمما ئاقسۇدىن ئۇتۇپلا قەشقەر تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، لەۋلىرىنى بوشقىنە چىشلىگەن ئىدى.

- ھەرقانداق ۋاقىتتا دۈشمەننى ئاجىز-كۈچلۈك دەپ چاغلىمىغۇلۇق ئەنھەزرىتىم، - دېگەن ئىدى ھىندىقۇش مىرزاخاننىڭ ئۆزگۈشنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، ئاچچىقىنى مەيدىن چىقىرىش ئۈچۈنخاس كۈتۈپخانىسىغا بىكىنىۋېلىپ، مەيخورلۇق قىلىۋاتقان يېرىدىن تېپىپ، - ھېلىمۇ ئاقسۇئەمىرلىرىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن رىئىسىيەت قىرغىقىدىن ئامان قاپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قەشقەر تەرەپكە مېڭىشى ياخشىلىقتىن يامانلىقتىن بېشارەت. شۇڭا بۇنىڭغا جىددىي تەدبىر قوللانغايمىز.

- ھىندىقۇ شىبىگىم توغرا ئېيتىدۇ-دېدى ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ئاستانە ئەمىرى، قو شۇمچە ئاستىغىنە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى مىرزا باباقبەگ-يەنە ئارىسالدى بولۇپ تۇرىۋېرىدىغان بولساق، كېيىن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمىز. شۇڭا ھازىرنىڭ ئۆزىدە يولۋاسخانشاھزادە ئاللىرىگە يارلىق ئىبەرتەيلى، ئۇ مەيلى قانچىلىك چىقىم تارتىشتىن قەتىي نەزەرياۋنى چىكىندۇرسۇن، چىكىندۇرەلمىسە، ئۇلارنى مەلىكە قىلىپ تۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇنىڭغىچە بىزمۇ ياردەمگە ئەسكەر ئىبەرتەيلى. شۇنداق قىلساق، غالدا مەنى تارمار قىلىپ، سەلتەنەتىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايمىز.

خان ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلغان كۆچلۈك شارابنىڭ تەسىرىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى بىردە خانلىق سەلتەنەتنىڭ داغلىق سانغۇنى، نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ نۇسرەت قازانغان ئەمىر لەشكەر ھىندىقۇش مىرزىغا، بىردە مىرزا باياقبەگكە قاراپبىر نەرسىنى ئويلانماقچى بولغاندەك تۇرۇۋالدى. ئادەتتە ئۆزىگە نۇرغۇن پايدىلىق تەكلىپلەرنى بىرىپ تۇرىدىغان بۇ ئەمىرلىرىگە ئىشىنەتتى. ئەمما يېقىندىن بىرى قەشقەر تەرەپتىن كىلىۋاتقاننۇرغۇن مەخپىي يوللانمىلار ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتقاچقا، ئۇ شۇ تاپتا ئۆز پۇشتى، قەشقەرنىڭ نايىپ خانى يولۋاسخانغا بولغان قورساق كۆپۈگى سەۋەبلىك بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى، بۇ ئىشتىن ئىككى ئەمىرنىڭمۇ ئاز-تولا خەۋىرى بولغاچقا، تۇگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىشلار يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئەمىرلەرنىڭ بۇ سەمىمىي ئىلتىجاسى ئالدىدا لەۋ چىشلەپ تۇرۇشىنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى.

- ئۇنداقتا ھەر قايسىلىرىنىڭ ئويىچە بولغاندا. . ...

- لەشكەر ئىبەرتايلى، - ئىككى ئەمىر دېيىشىۋالغاندەك تەڭلا جاۋاب بەردى. - مەيلى، دىگىنىڭلاربۇيىچە بولسۇن، ئۇنداقتا ئوردا پۈتۈكچىسى ھازىرلا يارلىق تەييارلىسۇن، ھايالشمايلاقەشقەرگە ئادەم ماڭدۇرۇڭلار... - ئابدۇللا خان سۆزىنى تۈگىتىپ، ئالدىدىكى قاشتېشى جامغايەنە مەي قۇيدى.

- قەشقەرتەرەپكە لەشكەر تارتىپ كىم ماڭسا بۇلار، ئەنھەزرىتىم ،- سورىدى ھىندىقۇش مىرزا يەنەخاننىڭ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ئىغىز ئاچمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ زادى قانداق ئويدا بۇلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولىۋاتقاندەك گەپ كوچىلاپ. - بۇنى ئەتە ئەتىگەنلىك قۇيۇلدامۇزاكىرىشەيلى شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى شاھنىشىندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. «بۇ ئىشنى يولۋاسخانغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ياۋنى چېكىندۇرۇپ تارمار قىلىشقا يارلىق چۈشۈرەيلى» دېگۈچىلەرمۇ،«خانلىق لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ يولۋاسخان بىلەن

بىرلىكتە ياۋ ئۈستىكە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياۋ بىلەن ئېلىشايلى» دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ئادالەت پاناھ شاھىمىز ئويلاپ كۆرگەيلا ياۋئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئاقسۇغا باسقىن قىلدى. ئاخىرى سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمدىئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلماي نىيىتىنى بۇزۇپ قەشقەر تەرەپكە ماڭغان بولسا، بۇ «چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە، مۈشكنىڭ قۇيرۇقنى چىشلىگەن»دەكلا بىر ئىش، سىلى يولۋاسخان بىگىمنى بوش چاغلىمىسىلا، ئۇباتۇرلىقتا ئۆزلىرىدىن قېلىشمايدۇ. ياغىنى شەھەرگە يۇلاتمايلا، كەلگەنيولدىن كەينىگە ياندۇرىدۇ.

ـ ئارى، ئۇلارنىڭ قەشقەر تامام مېڭىشى «خامپا يالاپ كۆنگەن ئىت قۇپارغۇ ئاستىدا ئۆلگەن» دەكلابىر ئىش. شۇڭا تولا ۋاھىم يىمىگەيلا ئالىيلىرى.

ـ ھەقگەپ. يولۋاسخان بېگىم شۇنچىلىك چېچەن ۋە باتوركى.

ـ ئوششۇك تەككەن ھەرىنىڭ جان ئاچچىقىدا چاقىدىغانلىقىنىمۇ نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلمايلى، ـ دىدىمىرزا باباقبەگ باشقىلارنىڭ ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىداپ تورالمىغاندەك، ـ ياۋمەيلى كۈچلۈك، مەيلى ئاجىز بولسۇن، ئۇنىڭغا سەل قاراش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس.

ـ ئۆزلىرى يولۋاسخان شاھزادە ئالىيلىرى ياۋنى چېكىندۈرۈشكە قادىر ئەمەس دېمەكچىمۇ ؟ـ ساقاللىقئەمىر بىردىنلا ئۆكتە قوپتى

ـ قۇيۇپ شاھزادىنى كۆزگە ئىلمىغانلىرىنى تەگلەپ كەلسەك، ئەنھەزىر ـ بىتمىنمۇ...

ـ بەس...ئەمدى توختاپ قالسىلا، ـ ھىندىقۇش مىرزا بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلى سۆزلىگەن ئەمىرگەمىقتەك تىكىلدى، ـ ئۆزلىرى يوق يەردىن پۇتاق ئۇندۇرۇپ نىمە قىلاي دەيلا ؟

ـ مەنبىرەر ئىش قىلاي دېمىدىمغۇ ھۆرمەتلىك سەركەردەم؟، جانابى مىرزا باباقبەگنىڭ ئۇل مۇدداسىنشۇكى ياغىنى ئۇچۇرۇپ ماختاش ئارقىلىق بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز دېمەكچى.

يەنە كىلىپبۇ ھۆرمەتلىك ئەمىر يولۋاسخان شاھزادە ئالىيلىرى ياۋغا تەڭ كېلەلمەيدۇ دېگەننى ئوردائەمىرلىرى ئالدىدا سۆزلەش ئارقىلىق بۈيۈك خاندانلىقىمىز ھازىر ياغىنى چېكىندۈرۈش جاسارىتىگە، كۈچ قۇددىرىتىگە ئىگە ئەمەس دېگەننى ئۇچۇق ئاشكارا تەرغىب قىلماقچى شۇنداقتىمۇ ؟

ـ يوغسۇ، يوغسۇ مىرزا باباقبەگ جانابلىرى زىنھار ئۇنداق ئويلىمىدى ھەزرىتىم، سىلى بۇنداق تۇخۇمىدىن تۈك ئۇندۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىۋەر ـ مىسسىلە، ـ ھىندىقۇش مىرزا سەپرايى ئۆرلىگەندەكقولنى شىلتىپ سۆزلىدى، ـ پەقەت ياۋغا سەل قارىمايلى، سەلتەنئىمىزنىڭ پۈتۈنلىكى، ئەلنىڭخاتىرجەملىكى ئۈچۈن قەشقەرگە لەشكىرى ياردەم بېرەيلى دېمەكچى، ئەمما مەن سىلىنىڭ مۇشۇگەپلەرنى دېيىش ئارقىلىق نېمە مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلىقلىرىنى چۈشەنمىدىم

ھېلىقى ئەمىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيغاندىنبىردىنلا سىلكىندى ـ دە، ھىندىقۇش مىرزىنى ھازىرلا يەۋېتىدىغاندەك ھومايدى.

ـ بەس، ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كىلەيلىئابدۇللاخان ئەمىرلەرنىڭ بۇنداق ئاق يەردە تۈگمەن تالا شقانلىقىنى كۆرگۈ سى كەلمىگەندەك، شاھانە كۇر سىنىڭ يان تەرىپىگە بو شلا شاپىلاقلاپ قويدى، ـ ئەينىمۇدئىئا بويىچە ئېيتقاندا، قەشقەرگە ياردەمگە لەشكەر ئەۋەرتىش ئارقىلىق ياۋنى تارمارقىلىش خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى نامايەن قىلىش دېمەكچىتۇر. مىنىڭ پىكرىم، دەرھال قە شقەرگەلە شكەر ماڭغۇزۇش كېرەك. بۇنى قىلچە كېچىكتۈرۈ شكە بولمايدۇ. خاننىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ھۇدەيچى بەگ شاھنىشىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ـ دە، مەلۇم قىلدى ـ خانئالىلىرىغا مەلۇم بولغاي، قەشقەرنىڭ نايىپ ئەمىرى، ۋەلئەھدى شاھزادە يولۋاسخاننىڭ ئەلچىسى كەلدى.

شاھنىشىندىكى ئوردا ئەھلى بىردىنلا ھەيران بولۇشتى. مۇشۇنداق بىر چاغدا قەشقەردىن چاپارمەن كېلىشى ياخشىلىقتىن كۆرە يامانلىقتىن بېشارەت ئىكەنلىكىئۇلارغا ئايان ئىدى، شۇڭا شاھ كۆرستا ئولتۇرغان ئابدۇللاخاننىڭمۇ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپتىزلا ئىنكاس قايتۇردى.

- كىر سۈن.... ھايالشمايلا شاھنىشىنغا يولۋا سخان ئىبەركەن كۇ سا چىراي، بىر كۆزى سەل ئالغايغاندەكبىرى كىردى-دە، ئۇدۇل شاھ سۇپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خانغا تەئەززۇ بىلەن سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قۇيۇن يانچۇقىدىن تۇمارچىلاپ قاتلانغان خەتنى ئېلىپ، قو شقوللاپبېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. بۇنى كۆرۈپ ئوردىنىڭ باش مىرزىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، خەتنى ئالدى-دە، تەخت تەرەپكە سۇرۇلدى.

- ئوقۇسىلا.

ئابدۇللا خانىڭ پەس، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا قىلغان سۆزى بىلەنشاھ سۇپىسىغا يېقىنلا قالغان باش مىرزا خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى بىرلابۇلۇپ، ياغىنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىپ، قارا دۆك قۇرغىنىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭئىلكىدىكى بارلىق لەشكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە قاچانغىچە بەرداشلىق بېرىشىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا تېزدىن لەشكەر ئەۋەرتىپ، ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغانئىدى. شاھنىشىنىڭ ئىچىنى بىردىنلا ئېغىر سۈكۈناتلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. تېخى ھېلىلا «لەشكىرى ياردەم بىرىلمىسىمۇ، نايىپ خان ياۋغا قارشى تۇرالايدۇ» دېگەن ئەمىرلەر نىمىشقىدۇرجىم بولۇپ باشلىرىنى تۆۋەن سالدى. باشقىلارمۇ بۇنداق بۇلارنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغاچقا، خاننىڭ قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك، يەر تېگىدىن ئابدۇللاخانغاقاراشتى. خان بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك خېلى ئۇزۇن بىر نوختىغا تىكىلىپ ئولتۇردى-دەئاندىن ھەربىر ئەمىرگە تەپسىلىي قاراپ چىقىپ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

ـ ئەنھالبۇ ئىش ئىككى ئەمىرنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى. ئەمدى «كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام مۇ ؟»دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى ئەمىرلىرىم. شۇڭا بۈگۈنلا قەشقەر تەرەپكە لەشكەر ئەۋەرتكەيمىز. بۇ گەپ بىلەن ساھىنشىدىكى ئەمەرلەرمۇ بىر ئاز تەۋرىنىپ شاھقا قاراشتى.

ـ يارلىق، ھىندىقۇش مىرزا بەش مىڭ خىللانغان لەشكەر بىلەن قەشقەرگە ئاتلىنىپ، نايىپ خان يولۋاسخانغا ياردەمدە بولغاي، ھەمدەمچى قوشۇن يولغا چىققان ھامان يېتەرلىك لەشكىرى تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىلگەي. ـ ئەنھەررىتىمگە ھەشقەللا، ـ دېدى ھىندىقۇش مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ،

ـ كەمىنىلىرى ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى شەكسىز ئورۇنلاشقا كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن. ئەمما ئۆزلىرىگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى.

ـ قېنى سۆزلىسىلەر.

ـ ياۋ نى گەرچە نۇرىدىن خان ئاقسۇدا تارمار قىلىپ، سۈلھى تۈزۈشكەن بولسىمۇ، ھازىرقى ئەھۋالىبايام مىرزا باباقبەگ جانابلىرى دېگەندەكئۆششۈك ھەرسىنىڭ ئۆزى. ئۇلار يا نۇسرەت قازىنىدۇ، ياكى ھالاك بولىدۇ. ئۇلار ئۆز نىيىتىنى جاراستانغا ئېلىپ چىقىش ئاتلانغانىكەن ئۆلۈمدىن، كۈرۈمدىن قورقمايدۇ. خۇددى «يالاڭئاياغ سۇدىن قورقمىغاندەك »، شۇڭا بۇ ھەقتە ئۆزلىرىدىنئىلتىجايىم شۇكى، سەپەرگە مۆھتەرەم مىرزا باباقبەگ ھەمدەم بولسا،

ـ ئىجازەت. ئۆزلىرى شۇنداق ئويلىغان بولسىلا. دېگەنلىرى بويىچە بولسۇن.

ـ ھەشقاللا ئەنھەزرىتىم. ...

ـ سەمىلىرىدە بولسۇنكى، سەپەرگە تېزراق ئاتلانغايلا. ـ لەببەي، باش ئۈستىگە ئالىيلىرى.

ـ ئەنە شۇ كېچەشتىن كېيىن ھىندىقۇش مىرزا بىلەن مىرزا باباقبەگ سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلارقە شقەرگە دېگەن قەرەلدە يېتىپ بېرىپ، غالدامە قو شۇنلىرى بىلەن قارا دۆك قەلئە سىدە ئۇچرا شتى. بىر ياندىن يولۋا سخان، بىر ياندىن يەكەندىن بارغان ئىككى ساتغۇنىنىڭ ياغىنى ئىسكەنجىسىگە ئالدى. ئۇرۇش شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى ياشىسىز جەسەتلەر قورغانىنىڭ ھەممە ساينىڭ تېشىدەكدۇۋىلەندى. قىپ ـ قىزىل قانلار سېغىز تۇپراقتا ئېقىشقا با شلىدى. ياردارلارنىڭ ئاللاھ توۋاقلىشلىرى، لەشكەرلەرنىڭ ھوگا ـ سۈرەنلىرى ئىگىسىز ئاتلارىنىڭكىشنەشلىرى جەڭ مەيدانىنىبىر ئالدى. غالدانىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقانلىرى قاچتى. يولۋاسخا ـ نىنىڭمۇھىندىقۇش مىرزىنىڭمۇ لەشكەرلىرى خېلى تالاپەتكە ئۇچرىدى، جەڭ ئاخىرلىشاي دېگەندە، يولۋاسخانتۇيۇقسىز قىزىل تونىنى كىيىپ، تىرناق ـ چىلىق ئالىسى يوق ئاق ئارغىماقا قامچا ئۇردى. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. ياۋنىڭ جەڭ سېپى تەرەپتىن ئاق ئەلەم كۆتۈرۈلدى.

ـ قىرىڭلار... ـ دەپ ۋاقىردى يولۋاسخان ئاق ئەلەمنى كۆرمىگەندەك چىڭقىلىپ سۆزلەپ، ـ ياغىنىڭبىر مۇ لەشكىرى ساق قالمىسۇن. ...

ـ توختاڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار... ، ـ ھىندىقۇش مىرزا يولۋاسخاننىڭ ئېتىنىڭ ئالدىنى توستى ، ـ سىلىمۇ ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە شاھزادەم، بىزدە «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنىيەڭگەن باتۇر،» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلمىساقتىن بىرى لەشكىرى ئىلمدەئەل بولغان ياغىنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىش نامەرتىنىڭ ئىشى سانىلىپ كەلگەن. بولدى ئۇلارئەل بولغان ئىكەن، جەڭنى توختىلايلى.

ـ يۈلۈمنى توسمىسىلا! ، ـ يولۋاسخان كىچىكىدە ئۆزىگە لەشكىرى ئىلمدىن ساۋاق بەرگەن، خانلىق تەۋەسىدە ئۆز ئىستېداتى لەشكىرى ئىشلارغا قابىللىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان سانغۇنغاگۆلەيدى،

ـ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاش كېرەك، بۇ مەلئۇنلارنىڭ...

ـ گۇناھى قانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئەل بولغان ئىكەن، ئۇلارغا چېقىلمىسىلا. ...

ـ ياق...

ـ سۆزىمىزنى ئاڭلىسىلا «ئېگىلگەن بويىنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇلار ئېگىلگەنىكەن، يەنەتېغ كۆتۈرسىلە نامەردلىك بولۇپ قالىدۇ...

بۇ گەپ بىلەن يولۋاسخان سەل پەسكويىغا چۈشتى، بۇنى كۆرۈپ مىرزاباباقبەگ دەرھال ناغرا چالدۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى جەڭنى توختىتىشقا بەلگە بەردى. شۇنداققىلىپ قەشقەردىكى بىر مەيدان ئېلىشىش ئاخىرلىشىپ، غالدامە بىلەن يولۋاسخان سۈلھى ئۇزۇشتى. بۇ جەرياندا ئىككى ئەمىر لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرۇش بىلەن قەشقەردە بىر ئاي ھايالبۇلۇپ تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئابدۇللاخان ئۇلارنىڭ نۇسرەتقۇچۇپ كەتكەنلىكىنى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن ئاخشام چاي بەرگەن ئىدى، مانا ئەمدى... ئابدۇللاخان ئېغىر ئۇھسىندى. ئۇ خۇدا بەردى ھاكىمبەگنىڭ ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئاۋارەقىلماي يىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى جان يۈلتۈز، قاراشەھەر تەرەپلەرگە لەشكەر تارتقاندا، ئۇ خاننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئىشەنچىسىگە نائىلبولغان ئىدى. شۇڭىمۇ شۇ قېتىملىق لەشكىرى سەپەردىن كېيىن، ئابدۇللا خان كېرىيەنىڭ ھاكىمبېگىمىرزا مۇھەممەت لىتىپنىڭ ئورنىغا خۇدابەردى بەگنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىگەنئىدى. تۇيۇقسىز خاننىڭ دىققىتىنى ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان ھۇدەيچى بەگ بوزبۇەتتى. ئابدۇللاخانىڭيېنىغا كېلىپ، ئادەت بويىچە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئالدىراپ سۆزلىدى. ئەنھەرزىتىمگە مەلۇم بولغايكى، ئوردىدىكى بارلىق ئەمىرلەر ئادالەتپاناھىمىنىڭ قۇبۇلىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. خان ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە ئوبدان بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

- ئەمىرلەر شاھىنشىدا ساقلىغاي، ھىندىقۇش مىرزا كۈتۈپخانىسىغا كەلگەي...

- ئەنھەزرىتىمگە ھەشـــقاللا... ، - ھۆدەيچى بەگ ئارقىچىلاپ بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆرۈلۈپشاھىنشىنغا قاراپ ماڭدى.

شـــاھىنشـــن ئېغىر ســـۈكۈتلىققا چۆمگەن ئىدى. ئەتىتىگەندىلا قوبۇلغاكىرگەن ئەمىرلەر خانىنىڭ كۆڭ چاشكا بولغۇچىلىكىنىمىشكىن قوبۇلخانىغا كىرىمىگە - نىلىككەھەيران بۇلۇشۇپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ ھۆدەيچى بەگنىڭ شـــاھىنشـــنغا كىرگەندىن بىرى كۆزلىرىنىيېرىم يۇمۇپ، ھېچكىمنىڭ ســـۆزىگە ئارىلاشـــماي بىر چەتتە ئۈن - تۈنســـز تۇرغان ھىندىقۇش مىرزىنىچاقىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن غەلىتىلىك ھېس قىلدىشتى. بۇ ھەقتە ھەممەيلەن ئۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر پىكىر بىرلىككە كېلەلمىدى.

- ســـىلچە خانىنىڭ ھىندىقوش مىرزىنى خاس ســـۆھبەتكەچىللىشـــى قانداق ئىشـــتۇ؟ - ســـورىدى كۆزلىرى چېقىر كەلگەن، يۈزلىرى تاتىراڭغۇراق ئەمىرىبىر چەتتە تۇرغان مىرزا باباقىبەگدىن،

- ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ يا...

- بۇنى ھېلىلا بىلىپ قالىلا، - دېدى باباقىبەگ تۇرقىنىئۆزگەرتمەســـتىن ئۇ ئەمىرگە قاراپ، - بەلكىم مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بارمۇ؟

- مەســـلىھەتنى پىشـــۇرۇپ بولغانلا ؟، - بۇ گەپنى ئاڭلىغانچېقىر كۆز ئەمىر بىردىنلا ئۆڭدى.

- ئوردىدا سىلى بىلمەيدىغان ئىش يوق، ھەزرىتىم بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋالسىلا قاملاشماس؟

- خاننىڭ يېنىدا تۇرغان سىلى بىلەن مەندەك ئادەملەر ئەنھەزرىتىمنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۆزى دېمىسە، بىز قانداق بىلىمىز تەخسىر ؟- دىدىمىرزا باباقبەگ تەئەددى بىلەن، - ھەر ئىككىمىزمۇ شۇ يەردە خاننىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقاندىكىن، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلسەك بولاتتى. بىراق ئۇنداق كارامەتكە ئىگە ئەمەسمىز...

چىقىر كۆزئەمىر نېمىشىقىدۇر، دىمىغىنى قېقىپ، مىرزا باباقبەگدىن يىراقلاشتى. شۇ ئەسنادا دىۋانبىگىمىنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى.

- ئادالەتپاناھ ئەنھەزرىتىم ئابدۇللا خان ئالىلىرىقۇبۇلغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

بۇنى ئاڭلاپ، شاھىنشىنىڭ ئىچى بىردىنلا ئۇپۇر-تۇپۇربۇلۇپ كەتتى. ئولتۇرغانلار ئۆرە بولۇپ، ئۆرە تۇرغانلار شاھ سۇپا تەرەپكە بۇرۇلدى. خانشاھىنشىنىڭ يان تەرىپىدىن خاس ئېلىنغان ئىشىك ئارقىلىق قۇيۇلخانىغا كىردى-دە، تۆردىكىئۇچ گەز ئىگىزلىكتە يا سالغان شاھ سۇپىسىنىڭ ئۇستىدىكى تۇتقۇچ ۋە قوبىلىرى كۆزنى چاقنىتىدىغانتەختكە ئولتۇردى، بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ئۇنلۇك توۋلاشتى،

- ئۇلۇغسەئىدىيە خانلىقىنىڭ باش پاناھى، پەدەرى بۇزرۇك ئادەلەتپاناھ پادىشاھ ئابدۇللاخان ئالىلىرىئامان، دۆلتى زىيادە بولغاي...!

بىر ئېغىزدىن چىقۋاندەكلا ئېيتىلغان بۇ سۆز بىلەن شاھىنشىنلەرزىگە كەلگەندەك گۇرۇلدىدە، بىر پەسىنلا يەنە تىنچلاندى. خان ئەمىرلەرگە قاراپپېشىنى سۇسقىنە لىڭشىتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن بىردىنلا ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇشۇپ، ئىككىپتەرەپكە ئايرىدى-دە، مەرتىۋىلىرى بۇيىچە ئورۇن ئالدى.

- ھەر قايسىڭلارغا سىر ئەمەسكى، قەشقەر تەرەپكە باسقىنقىلغان قالماقلار-نى ئەمدىلا چېكىندۇرسەك، ئەمدى كېرىيە تەرەپتە يەنە پەيدا بوپتۇ، شۇڭا دەرھال ياغىنى ئۇستىگە لەشكەر ئىۋەرتىش زۆرۈر بولۇپ قالدى، - خانھەرپىر سۆزنىئالدىرىماي، دانىمۇ-دانە چىقىرىپ

سۆزلىدى، ـ شۇڭا مەن قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىقمىرزا باباقبەگنىڭ كېرىيە تەرەپكە لەشكەر تارتىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

بۇ گەپ بىلەن ئەمىرلەر بىر ـ بىرىگەقاراشتى. ئۇلارخانىنىڭ بۇ ئىشقا نېمە سەۋەبتىن بۇنچە كۆڭۈل بۆلگىنىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن ئىدى. ئالدىنقىمەرتىۋە قەشقەرگە ياغىنى باستۇرۇپ كەلگەندە، ئابدۇللاخان بىر قارارغا كېلەلمەي ۋاقتىخېلى سوزۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، تالاپەتمۇ خېلى بولغان ئىدى. بىراق بۇ قېتىم خاننىڭتىزدىن بىر قارارغا كېلىشى بىلەن ھەر بىر ئەمىرنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئوخشاش بۇلمىغانئىپادىلەر تىزلا ئەكسنى تاپتى. لېكىن خان ئۇلارغا ئارتۇقچە چۈشەنچە بېرىشنى خالىمىغاندەك، تەختكە يېقىنراق جايدىكى شىرەدە قەغەز، قەلەم سىياھ تەييارلاپ يارلىق پۈتۈشكە تەييارلانغانباش مىرزا تەرەپكە بۇرۇلدى.

ـ ئالاھنىڭ ئەمرى بىلەن كېرىيە تەرەپ پاراكەندىچىلىكسىلىۋاتقان ئول رىياكارلارنىڭ جازاسىنى بەرگەرمىز، شۇڭا ئوردىدىن مىرزا باباقبەگ مىڭكىشىلىك قوشۇن بىلەن دەررۇ ئاتلانغاي، خوتەننىڭ نايىپ ئەمىرى ئەبەيدۇللا سۇلتانمۇ ھەمدەبولغاي. كېرىيە ھاكىمبگى خۇدا بەردى بەگ ئۆزمە مە سئۇلىيىتىنى تۇلۇق ئادا قىلغاي بۇنىڭغاكىم بويۇنتاۋلىق قىلىپ. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارسا، خانلىق تۈزۈم بىلەن قاتتىقجازالانغاي!... ئابدوللاخان پەرمانى جاكارلاپ بولۇپلا باشقا ئەمىرلەرنىڭ مەلۇماتنامىسىبار ـ يوقلىقىنى سورۇشتۇرمەيلا، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا چامدىغىنچە خاس ئىشىكتىن چىقىپكەتتى. بۇنى كۆرۈپ، دىۋان بېگى بوش، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا جاكارلىدى. قوبۇل تامام، ئەمىرلەرنىڭ قايتىشقا ئىجازەت. كېرىيە تەرەپتىن جىددىي مەلۇمات كەلگەنلىكىدىن ئەمىرلەرنىڭھەممىسى خەۋەر تېپىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما خاننىڭ بۇنداق تىز قارار چىقىرىشنى ئويلاپباقمىغان ئىدى،

شۇڭا ئۇلار ھەيران بولغان بولسىمۇ، ئەمما خاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمىگەچكە، بىر-بىرىگە ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى تىكىشىپ، شاھنىشىندىن ئاستا ئايرىلىشتى.

بىر ئايدىن بۇيان خان تولىمۇ بىئاراملىقتا ئۆتتى. پەرمانىئالى بويىچە مىرزا باباقبەگ خىللاتقان مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، كېرىيە تەرەپكە يۈرۈپ كەتكىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ھېچ بىر ئۇچۇر يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان تۈرلۈك خەۋەرلەر ئۇنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ۋەسۋەسە دەرياسىدا ئۈزدۈرۈپ، غىزاسىنى تارتىپ، ئۇيقۇسىنى كەملىۋەتكەنىدى. ئابدۇللا خان ئەتىگەندىن كەچكىچە مەيخورلۇق قىلاتتى بۇنداق ۋاقىتتا ھىندىقۇش مىرزىدىنباشقا ئەمىرلەر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا، مەلۇماتلارنى مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئابدۇللاخانمەي ئىچكەچ نېمىدىندۇر خاپا بولاتتى. قايسىدۇر بىر ئىشقا چېچىلاتتى. شۇڭىمۇ موڭلۇقمۇقام كۈيلىرىمۇ، كۆڭۈلنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان شوخ ناخشىلارمۇ، ئادەمنى تېلىقتۇرۇپئۆلتۈرۈپ قويۇشقا تاسلا قالىدىغان قىزىق لاپ، لەتىپىلەرمۇ ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالمايتتى. شۇڭا بەزىدە خىيال سۈرۈپ قويۇشنىڭ ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈپ كەتكىنىنى، راۋاقتا شاھانە شامالىرىنىڭ يېقىلىپ، ئەتراپىنىڭ باشقىچە تۈسكە كىرگەنلىكىنى تۇيماي قالاتتى. بۈگۈنمۇ شاھنىشىنغاچىقىشىنى نىيەت قىلدىيۇ، ئەمما گاراڭشىغان بېشىنىڭ لوقىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سىزىپ، ئودۇل «لالىزار راۋاق» قا يول ئالدى، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغداپ مېڭىۋاتقان نۆكەرلەر ئەتراپقاسەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ ماڭماقتا ئىدى. شۇ تاپتا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مېۋىلەر مەيباغلاپ پىشقان بولۇپ، يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۇياتچان قىزلاردەك مارىلايتتى. ئەمما خاننىڭ بۇنىڭغا قاراپ زوقلانغۇدەك ھەپىسلى يوق ئىدى. ئۇ ئېغىر غەمغۇسىگە مۇپتىلابولغان كىشىلەردەك، ئاستا چامدىغىنىچە راۋاقنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئەتراپقا خوشياقمىغاندەكقاراپ قويۇپ شاھ شۇپۇسىغا چىقتى شۇڭغىچىلىك بىكاۋۇل بەگ ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى.

– مەي كەلتۈرۈڭ ـ دېدى خان ئۇنىڭ تەئەززۇ بىلەن ئىگىلىپســـالام بەجا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەندەك پەس ئاۋازدا.

– لەۋەي، هازىرلا ئەنهەرزىتىم.

بىكاۋۇل بەگ بىردەمدىلا خانىنىڭ ئالدىغا داستىرخانسېلىپ، دۈملەپ پىشۇرۇلغان قوزا گۆشى، كەپتەر كاۋىپى، باچكا شۇرپىسى، قوينىڭ قوۋۇرغىسىدىنپىشۇرۇلغان زىخ كاۋىپىنى بىردەمدىلا بىر ـ بىرلەپ قويدى. خان ئۇنىڭ تەكلىپ قىلىشىنىكۈتمەستىن زىرە، قارا مۇچ، ئاقمۇچ سېپىپ پىشـــۇرۇلغان كاۋاپتىن ئىككى ـ ئۈچ زىخنى زوروغايىگەندىن كېيىن دورا دەرمەكلىرى ئوبدان تەڭشـــەلگەن ســـوۋۇپ تىۋىغا كەلگەن چايدىن ئىككىئوتلام ئېچىپ قويغاندىن كېيىن، ســـەل كەينىگە ســـۈرۈلۈپ، پەر ياســـتۇققا يۆلەندى. خانىنىڭ يېقىندىن بۇيان كەم ئىشـــتىها بولۇپ قېلىۋاتقـانلىقىنىـڭ ســـەۋەبىنى بىلەلمەي كېلىۋاتقـان بىكـاۋۇلبەگ بۇنى كۆرۈپ، ســـەل تەئەججۇپلەندى ـ دە، خىيالىدىن لاپ قىلىپ كەچكەن بىر ئۆي بىلەن سورىدى.

– غىزاغا مەيللىرى بولمىسا، سۈيۈق ـ سەلەڭ قىلىپ، ئاچچىق ـ چۈچۈك ئاش كەلتۈرەيمۇ؟

– هاجەتســـىز، ـ ئابدۇللا خان قوللىرىنى بوشـــلا شـــىلتىدى ـ دە، هازىرنىڭ ئۆزىدە كۆڭلۈم هېچنېمىنى تارتمايدۇ. ئەڭ ياخشـــىســـى ئەنە ئاۋۇنىڭدىن قويســـىلا. بىكاۋۇل بەگ ئالدىراپ ئالدىدىكى كۆزىنىڭ ئۈســـتىدىكى قىپ ـ قىزىل شـــەلپەرىنى ئالدىراپ يەشـــتى ـ دە، ئاللىقاچان چايقاپ تەييارلاپ قۇيۇلغان قاشـــتېشـــى جامغا قاپاقتىن ســـۇ تۆككەندەك بولدۇقلىتىپمەي قويغاندىن كېيىن، قوشـــقوللاپ ئابدۇللاخانغا ســـۇندى. خانمۇ جامنى قولىغا ئېلىپ، ســـۈزۈك، پۇقراقلىق ســـۈيۈقلىققا بىر نەچچە دەقىقە قاراپ قويغاندىن كېيىن، لېۋىگە تەگكۈزدى ـ دە، بىپايان ســـۇســـىز چۆلدە چاڭقاپ، جېنى هەلقۇمغا كېلىپ قالغان كارۋان ســـۇغا ئېرىشـــكەندە، هەممىنىئۇنتىغاندەك جامدىكى شارابنى بىرلا كۆتۈرۈپ تۈگەتتى.

- ھە، يەنە بىرنى...

ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىلگەن ئۈچ جام مەي نا ھايىتىتىزلا ئۇنۇمىنى كۆرسىــــەتتى. خاننىڭ ئاخشامقى كەيپىلىكتە گاراڭلاشقان بېشى بىردىنلا ئەسلىگەكەلگىنىدەك، پۈت قوللىرىغا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى، ئۇپىشـــــا ـ نېســـــدە بىردىلا پەيدا بولغانتەر تامچىلىرىنى ئالدىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى يىپەك ياغلىقتا ئىيتىۋەتكەندىن كىيىن، بۇخادىنچىققاندەك بولۇپ قالدى ـ دە، ماموت يا ستۇققا يۆلەندى. شۇ ئەسنادا رەققاسلاردەك كىيىنگەنئىككى كىنىزەك خاننىڭ ئىككى تەرىپىدە پەيدا بولۇپ، غۇلاچتىن ئۇزۇنراق سېپى بارتوز قانىتىيەلپۇگۈچ بىلەن ئاستا يەلپۈشكە باشــلىدى. شــۇئان ئابدۇللا ـ خاننىڭ ئەتراپىدىكى مەلۇمدائىرىدە جانغا ھۇزۇر بەرگۈچى ئىللىق شامال پەيدا بولدى. خان يەنە بىر ئاپقۇر مەي ئىچمەكچىبولغاندەك بىكاۋۇل بەگكە قارىدى، شۇ ئەســــنادا باغنىڭ يان تەرىپىدىكى يولدىن پايپاســــلىغانپېتى كەلگەن ھۇدەيچى بەگ راۋاقنىڭ ئالدىدا توختاپ خانغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرمەكچىبولغاندەك قۇرۇق ھۇتۇلۇپ قويدى.
ـ ئەمىرلەرنىڭ ھەممىســــى شـــــاھىنشــــىنغا يىغىلىپ بولدى ئادەلەتپاناھىمبۇگۈن قوبۇلغا چىقامدىلىكىن؟ ئابدۇللاخان كۆزلىرىنى ئالدىدا قول باغلاپ تۇرىۋاتقانھۇدەيچى بەگكە تىكىپ، بىرپەس قاراپ قويغاندىن كىيىن جاۋاب بەردى.

- ئەمىرلەر قايتىسۇن. مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار.

- خوش... ھۇدەيچى بەگ كەتكەندىن كىيىن، شــاھ بىردەئالدىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەرگە، بىردە «خان قاچانمۇ مېنى مەي ئىچئىشكە تەكلىپ قىلار» دىگەندەكتەمەدە ئولتۇرغان بىكاۋۇل بەگگە قاراپ قويغاندىن كىيىن، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى. شـــۇتاپتا ئۇنىڭ ھېچنېمىنى ئويلىغىســــى كەلمىدى، ئەمما يەنىلا كېرىيە تەرەپتىن بىرەر خەۋەر كەلمىگەنلىكى ســــەۋەبلىك كۆڭلى بىئارام بولدى. نىمىشقىدىن يېقىندىن بۇيان ئولتۇرسا قوپسا، خىيال كەپتەرلىرى كېرىيە تەرەپكە پەرۋاز

قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ خانلىق تەختىكە بىر قاراربولغاندىن كېيىن قالماقلار خوتەنگە بىر مەرتەم، كېرىيەگە بىر مەرتەم باسقىن قىلىپ كەلگەنبولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تېزلا تارمار بولۇپ قۇيرۇقىنى خادا قىلغان ئىدى.

بۇ ئىش نەچچە يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا كېرىيەنىڭ ھاكىمبەگلىكىنى مەھەممەت لىتىپ بەگ ئۆتەيتتى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ ئۇئەمىرلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، خانىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ مەھەممەتلىتىپنىڭ مەلۇماتىنى كۆرۈپ، نېمىشقىدۇر جىددىيلەشتى-دە، خوتەن قەغىزىگە تۈجۈپلەپ يېزىلغان، نەچچە قۇر خەتكە قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى.

- تېز، ئات تەييارلاڭلار، ھازىرلا ئاتلىنايلى...ئەمىرلەر خانىنىڭ بۇنچە تېز بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىردىنلا جىددىيلەشتى.

- دۆلەتپاناھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى يىۋالسىلا، ئۇلۇغبۇۋىلىرىدىن باشلاپ سەلتەنەتلىك سەئىدىيە خاندانلىقزېمىنىغا ياۋ نەچچە مەرتەم لەشكەر تارتاتتى. ئاۋۋال يارىتقۇچى تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى، ئاندىن ئاۋامنىڭ مەدىتى ۋە سالغۇن، لەشكەرلىرىمىزنىڭ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭشىرىن خىيالىنى بەربات قىلىپ ئۇلار ئىگىلىۋالغان زېمىنلارنى يەنە ئۆز تېررىتورىيىمىزگە ئالغانمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى قانداق ھۆكۈمدارنىڭ زېمىنىدا بولسىمۇن پات-پات باشباشتاقلىق، رەئىيەتنىڭ قوزغىلىشى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ نورمال ئىش. بۇنىسىمۇ باشمەسلەھەت ئىشقىلغىنىمىزدۇرۇس.

- ئارى، بار مەسلىھەت بىلەن قىلىنغان ئىش تولىمۇ خەيرلىكتۇر ئەنھەزرىتىم... - بىزدە «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس» دەيدىغان گەپ بار، دۆلەتپاناھىم...- ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا...

- ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، بەك جىددىيلىشىش تەنلىرىگە زەخمىيەتكۈزىدۇ...

ئەمىرلەرنىڭ تۇشمۇ-تۇشتىن دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئابدۇللاخان ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما مۇھەممەت لىتىپ بەگنىڭ مەلۇماتنامىدىكى ۋەھىملىك قۇرلار يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇپ تۇرغاچقا، نېمىشقىدۇر چۈشىنى يۇتىۋالغان ئادەمدەك بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە تۇرۇپ قالدى.

- خوش، ئۇنداقتا ھەر قايسىلىرىنىڭ قانداق دانا مەسلىھەتى باركىن ؟، -خان باياتىن ئۆزى ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۆرە-تۆرە بولۇشۇپ، ئۆزىگە سۇخدىشىپلائورنىدىن تۇرغان، مانا ئەمدىلىكتە قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قول باغلاپ تۇرغان، ئەمىرلەرگەقاراپ ئالدىراپ سورىدى. بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەننىڭ بىردىنلا دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ خاننىڭ يولىنى تۇسىغان بىلەن قانداق قىلىشنى ئويلاپ كۆرمىگەنئىدى. شۇڭا تۇلۇمدىن تۇخماق چىققاندەكلا سۇرالغان سوئال بىلەن ئەقلىنى تېپىشقاندەك بىر-بىرىگە قاراشتى.

- مېنىڭچە ياۋنى چېكىندۈرمەك كېرەك، - خېلى ئۇزۇنجىملىقتىن كېيىن مىرزا باباقبەگ توساتتىنلا ئېغىز ئاچتى، - ئۇلار سەلتەنىتىمىزگە قارشىتىغ تارتقان ئىكەن، ئەلۋەتتە بىزنىڭمۇ قول قوۋلۇشتۇرۇپ تۇرىشىمىز جايىز ئەمەس.

- ئارى، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. ئەل-رەئىيەتنىڭئۇ دۈشمەنلىرىنى چوقۇم يەر بىلەن يەكسان قىلىش كېرەك.

- ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىدىن تارتىپ قىرىش كېرەك، ئۇمۇتېھەم دەمرىلەر-نىڭ... كېيىن زېمىنىمىزغا كۆز تىكمەس، نامىنى ئاڭلىسىمۇ، غال-غالتىترەيدىغان قىلىۋېتىش كېرەك...

- بەلەن گەپ. بىزدە «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگە» دەيدىغان گەپ بار. ئۇلار خۇدىنى بىلمەي، ئاسمانغا پىچاق ئاتسا، بىز قاراپ تۇرساقبولمايدۇ... ئەمىرلەرنىڭ قارا

قۇشـقاچ باللىرىدەك بىردىنلا بىرىنىڭ كەيىندىن بىرىنىڭسـۈز ئېلىشـى بىلەن ئابدۇللاخان بىر نىمىنىھېس قىلغاندەك، ئۇلار ئۇزايىغا ســـنجىلاپ قارىدى. بۇنى كۆرۈپ، ھەممەيلەن بىردىنلا «قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىپ قېلىشتى.

- ئەلۋەتتە ياۋ ئۈستىدىن لەشكەر تارتىش كېرەك،- دېدى خان ئۆزىگە سـۆلىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا سۆزلەپ، - ئەمما بۇ قېتىملىق لەشكەر تارتىشنىئۆزەم ئۈستۈمگە ئالمىسام بولمايدۇ.

- زىنھار ئۇنداق قىلمىغايلا ئالىيلىرى، - دېدى پىشـــانىســـدەكۆزگە روشـــەن تاشـــلىنىپ تۇرىدىغان تارتۇقى بار ئەمىر ئالدىراپ، - سىلى دېگەن سەلتەنەتلىك سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ پاســـبانى، كېرىيىدەك كىچىككىنە يۇرتتا پەيدا بولغان مالىمانچىلىقتا ئۆزلىرىنىڭ لەشـــكەر تارتىشلىرى بائىس ئەمەستۇر، قېنى پەرمان بەرگەيلا. بۇ ئىشقا بىزئەمىرلەر باش بولغايمىز.

- بەرھەق، ئەمىر توغرا ئېيتتى، ئالىيلىرى غەزەپ قىلمىغايلا، ئۇل مەلئۇنلارغا بىز قارشـــى لەشكەر تارتقايمىز.

- توغرا گەپ، شۇنداق قىلىلى.

ئابدۇللاخان نېمىشقىدۇر ئارىسالدى بولۇپ قالدى-دە، بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك، شاھ سۇپا ئۈســـتىدە بىر ئىككىنى چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن بىردىنلا توختاپ، ئەمىرلەر ئارىســـدىن بىر كىمنى ئىزدەۋاتقاندەك ھەممەيلەنگە چاقماق تېزلىكىدە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ئىككىلە-نگەندەك تۇرۇپ قالدى.

- بۇ ئىشـتىن ئارتۇقچە ئەندىشـە قىلىپ، تولا ۋايىم يىمىگەيلا ئالىيلىرى- ، دېدى ئەمىرلەر ئىچىدىكى دۇغىلاققىنە كەتكەن. بەســـتىدىن كۈچ-قۇۋۋەتى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرىدىغان مۇھەممەت مۆمىن ســـۇلتان يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىردىنلا باشـــقىلارنىئۆزىگە جەلپ قىلىپ، -

سىلى سەلتەنىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، پاسىپاتى، تەختكە، ئەل ـ رەئىيەتئىشلىرىغا ئۆزلىرى بەر قارار بولۇپ بەرمىسىلە بولمايدۇ.

ـ دۇرۇس، ھەق گەپ بولدى. ـ شۇنداق قىلماي بولمايدۇزادى... . . ـ ئۆزلىرى بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىسىلا، مەيلى قايسىبىر ئەمىر لەشكەر تارتىساق، سەلتەنەتىمىزنىڭ ئۇ ئەغيارلىرىغا زىخ بولۇپ قادالغايمىز.

ـ مەن باراي... ، ـ مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان بىردىنلائىككى قەدەم چامداپ، خانىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، ـ ۋەزىپىنى ئۇرونىيالمىسام خانلىق جاساقىبۇيىچە بىر تەرەپ قىلغايلا...

ئابدۇللا خان ئۆزى لەشكەر تارتىسمۇ قاملاشمايدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ پىكىرنىڭ ئەمىرلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى پەملەپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

ـ مەيلى، لەشكەرلەردىن كۆپرەك ئېلىۋېلىڭ.

ـ بەك كۆپ لەشكەر ئېلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ـ دېدىمۇھەممەت مۆمىن سۇلتان، ـ ماۋا پەقەت مىڭ لەشكەر بولسىلا كۇپايە ئۇنىڭدىن ئىزاپە بولسا، ئۇرۇق ـ تۇلۇك ئىشلىرىدىمۇ بەزى قىيىنچىلىقلار كۆرىلىدۇ.

ـ ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قالسىچۇ ؟!... سورىدى بىر ئەمىر ئادىراپ. ـ بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئەمىر جانابلىرى، خوتەنىنىڭ نائىپ ئەمىرشاھ بەگ جانابلىرى ھەمدەمدە بولسا، قىلچە چاتاق چىقمايدۇ، شۇڭا خان ئالىيلىرى بۇنىڭدىن ئارتۇقچە ۋايىم يەپ كەتمىگەي...!

ـ مەيلى، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، ئەتە بامداتتىن كېيىنلا يولغا چىققايسىز، باش ئۇستىگە...، ـ مەھەممەت مۆمىن سۇلتان ئوڭ قولىنى كۆكسىگەقويۇپ، سەل ئېگىلدى ئىجازەت بولسا، مەن قايتىپ تەييارلىق قىلسامدىكىن ؟

- ئىجازەت، قايتىسىڭىز بولىدۇ.

مەھەممەت مۆمىن سۇلتان يولىغا راۋان بولغاندىنكىيىن، ئابدۇللاخان ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يوقۇغىنىچە قاراپ تۇردى، ئاندىن ئەمىرلەرنىڭھېلىھەم قول باغلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دېدى.

- ھەرقايسىلىرىڭىزمۇ ئىجازەت، ئولتۇرۇشسىلا.

مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ يار كەنتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇل خوتەنگەبىرىپ، خوتەننىڭ نايىپ ئەمىرى شاھ بەگنىڭ ھەمراھلىقىدا كېرىيەگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇيەردە مەھەممەت لىتىپ بەگ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئويتوغراق، سوغراق، نىيىلەردىن ئۆتۈپ، چەرچەنگە بارغان بولسىمۇ قالماقلارنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئەمما مەھەممەتلىتىپ بەگ «ئەسلى ئۇلار ئون نەچچە كۈن يېزا قىشاقلاردىكى بىگۇناھ رەئىيەتنى قىرىپ، بۇلاڭ-تالاڭبىلەن مەشغۇل بولغاندا، ئۇلا بىلەن مەنمۇ نەچچە مەرتەم ئېلىشقان. قارىسام ئۇلارنىڭلەشكەر كۈچى خېلىلا كۈچلۈك بولغاچقا، ئالىمادىس ئىشلار يۈغۈناپ كەتمىگىدى دەپ ئەنسىرەپئوردىغا خەۋەرقىلغان ئىدىم، ھازىر ئۇلارنىڭ يا ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، يا يەرگەكىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ، دەرھەقىقەتمۇھەممەت مۆمىن سۇلتانمۇيولدا كۈيۈپ كەتكەن ئۆيلەرنى، ئىگىسىز كۆمۈلمەي قالغان جەسەتلەردىن كۆرۈپتۇ، ياۋنىڭمالمانچىلىق پەيدا قىلغىنى راست ئىكەن.

بۇ ئىشلار ئەنە شۇنداق تىزلا ئاخىرلاشتى. بۇنىڭدىنئابدۇللاخان تولىمۇ تەئەجۈپلەندى. ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلسۇنۇ، ئەمما يەنە ئۆزلۈكىدىن غايىب بولسۇن؟ يەنە تېخى چوڭ

قوشـــۇن بىلەن بىرەر مەردەم ئېلىشـــمايلا،..ئۇ كۆپ ئۇيلانغان بولســـمۇ، بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئەمما بۇ ئىشنىڭ بىرەر يىلغا قالمايلاسرى يېشىلدى.

قالماقلار خانلىق قوشـۇننىڭ قايتقانلىقىدىن خەۋەرتاپتىمۇ ياكى ۋاقتى سـائىتى كەلدى دەپ قارىدىمۇ، بۇ قېتىم خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى، خوتەننىڭ نايىپ ئەمىرى شـــاھ بەگنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەنلىكىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغانئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتان قول ئاستىدىكى مەھەممەت مەنسۇر بەگ، مىرزا شەباسجۇراسلار بىلەن سېپىلدىن سىرتقا چىقتى- دە، ياۋ لەشـــكەرلىرىگە بىر ئۇن يېتىم يىراقلىققاكىلىپ ســـەپ تۈزۈپ بولا-بولالمايلا، ياۋ ســـەرەتان كۆلەردىكى قىيانلىق تاشـــقىندەك يوپۇرۇلۇپكەلدى، ئىككى تەرەپنىڭ لەشـــكەرلىرى بىردىنلا ئارىلىشىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىبراھىم سۇلتانچاپچىپ تۇرغان تۇلپارىنىڭ تىزگىنى قۇيۇئۇۋەتتى- دە، كۈچلۈك كۆن نۇرىدا بېســـى لاۋىلداپكۆزنى چاقنىتىدىغان شـــەمشـــىرىنى ئويناتقىنچە ئالدىغا ئوچرىغانلىكى ياۋنى قىرىشـــقا باشـــلىدى. ئۇرۇش ئالاھازەل ئىككى چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت داۋاملاشتى. ئەتراپنى قىلىچ- نەيزىلەرنىڭبىر- بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى جاراڭ- جۇرۇڭلىرى، يارىلانغانلارنىڭ ئاھۇ- زارى، ئۆلگەنلەرنىڭجەســـەتلىرى بىر ئالدى. شـــۇ ئەسنادا ياۋنىڭ سـانغۇنى ئىتنىڭ بېشـىنى كەينىگە بۇراپ ماڭدى، بۇنى كۆرۈپ، بىرەر يۈزگە يېقىن لەشكەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

- قىرىڭلار، - بار ئاۋازى بىلەن ۋاقىردى ئىبراھىمســـۇلتان ئۇلارنىڭ قايتقانلىقىنى كۆرۈپ. لەشـــكەرلەر ئىبراھىم ســـۇلتاننىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ياۋنىڭ كەينىدىن قوغلاشـــقا باشـــلىدى. ئىبراھىم ســـۇلتانمۇ شـــامالدەك تىز چاپىدىغان، ئادەمگە ئۇچۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ئارغىماقنى كۈچ بىلەن تېقىمدىدى. ئۇلار شـــۇ يۈرىشـــدەياۋنى يۇرۇڭقاش دەرياســـىغىچىلىك قىســـتاپ كەلدى. ئۇلاردىن 40- 50 ئاتلىق دەريادىن ئامان- ئىســـەنئۆتۈپ. قارشـــى قىرغاققا

چىققاندىن باشـــقا، قالغانلىرىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ئۆلمىگەنلىرىنىنەرە تارتىپ ئېقىۋاتقان يۇرۇڭقاش دەرياسـىنىڭ سـۈيى يالماپ كەتتى. ئەمما ئىبراھىم سـۇلتاننۇسـرەت قوچۇپ قايتىپ كېلىپ، لەشـــكەرلىرىنىڭ ســـانىنى ئېدىتلاۋاتقاندا، بىردىنلا قايغۇغا چۆكتى. چۈنكى ئۇنىڭ ۋەزىرى مۇھەممەت مەنسۇر بەگ بىلەن لەشكەرى ئىشلار سانغۇنى مىرزاشەھباز جۇراسلار ئۇرۇشتا قازا قىلغان ئىدى. بۇ ئىشـــلار يۈز بەرگەندە، ئابدۇللاخان ئوۋئوۋلاش ئۈچۈن يېخىســـار تەرەپكە راۋان بولغاچقا، خوتەندىكى بۇ جەڭدىن تولىمۇ كىچىكىپخەۋەر تاپقان بولســـىمۇ، ئىبراھىم سۇلتانمۇ جەڭدە كۆر سەتكەن باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن تەھىنسلەرئوقۇغان ئىدى. ئابدۇللاخان ئېغىر ئۇھســـىنىپ قويغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ، ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان بىكاۋۇل بەگكە كۆزىنى شـــەرەتلىدى. بىكاۋۇل بەگ ئېغىزدىغا يىغىلغانســـىرىق ســـۈنى غورتتىدە يۇتىۋەتكەندىن كېيىن، جامغا بولدۇقلىتىپ مەي قويدى، خان دەل شـــۇنىكۇتۇپ تۇرغاندەك، جامنى قولىغا ئالدى، ـ دە، لېۋىگە تەگكۈزۈپلا ھەممىنى ســـوغۇق ســـۇ ئىچكەندەكغۇتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، جامنى دوســتۇرخانغا قويۇپ، گەۋدىســىنى يەنە ياســتۇققاتىرىدى. شـۇ تاپتا ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئەپيۇن ئارىلاشــتۇرۇلغان مەي خېلىلا تەســىر قىلغان بولۇپ، قەلبىدىكى تە شۋىش، ئۈمىد سىزلىك، غەم ـ غۇ سىلار ئا ستا ـ ئا ستا يۇقىلىدىشقا با شلىغان ئىدى. شۇنداق بولســىمۇ، يەنىلا كۆزى ئوردا قوۋىقى تەرەپتە بولۇپ، كېرىيەدىن بىرەر خەۋەر كىلىپقالدىغاندەك تۇيغىدا ئىدى.

ـ ھىندىقۇش مىرزا جانابلىرى كەلدى... ـ تۇيۇقســـىزھۇدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇللاخان ئورنىدىن سـەل قىمىرلاپ تاپىســدا قول باغلاپتۇرغان ھىندىقۇش مىرزىنى كۆردى ـ دە ئورنىدىن تۇرمايلا، قۇلى بىلەن يان تەرىپىنى كۆرسەتتى.

ـ قىنى جانابلىرى، بۇ يەرگە مەرھەمەت...

- بولدى. بە ھۇزۇر ئۇلتۇرسىلا. - ھىندىقۇش مىرزاتەئەرزو بىلەن ئېگىلدى

- بولدى چىقىۋەرسىلە... - ھىندىقۇش مىرزا ئەمدىيەنە تارقارتىشىنىڭ ئۇرۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، خاننىڭ يېنىغا كەلدى-دە يۇكۇنۇپئولتۇرغاندىن كېيىن، گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدى.

- شاھنىشىندىن قايتىشلىرىمۇ؟- سۇرىدى خان خۇمارلاشقانكۆزلىرىنى بۇ ئىشەنچلىك، سادىق ئەمىرىگە تىكىپ.

- شۇنداق ئالىيلىرى، شاھنىشىندىن ئۇدۇل كەلدىم، باشقىلار قايتىپ كەتتى.

- ھە... خان نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ داۋامىنى ئۇزۇۋپقويدى-دە، ئېغىر خورسىندى.

- يەنە شۇ كېرىيە تەرەپنىڭ ئىشى بىلەن كۆڭۈللىرىبىسەرەمجانمۇ ئالىيلىرى ؟، - سورىدى ھىندىقۇش مىرزا خاننىڭ شارابتەرسىرىدىن قىزىللىقيۇگۇرگەن چىرايىغا تىكىلىپ.

- شۇنداق، مىرزا باباقبەگ كەتكىلى نېكەم، يا ئاق، يا كۆك ھېچبىر ئۇچۇر يوق، نېمىشقىكىن ئويلىماي، خىيال قىلماي دېسەممۇ كۆڭلۈم ئاشۇ يەردە.

- بۇنىڭدىن تەجۇپلەنمىسىلە ئادالەتپاناھ شاھىم، يول ئۇزۇن مۇشەققەت كۆپ. بەلكىم جانابى مىرزا باباقبەگ ئۇل دىيارىغا ئەمدىلەتنىيېتىپ بارغاندۇ. پېقىرنىڭ ئۆيىچە بۇ ئىشقا ئارتۇقچە ۋاھىم يېيىشجايىز ئەمەستۇر، جانابىسانغۇن پاش بولغان ئىكەن، كۆڭۈللىرىنى توق، ئۆزلىرىنى خاتىرجەم تۇتسىلا.

- ئوغۇ شۇ، مىرزا باباقبەگنىڭ لەشكىرى ئىشلاردايەمى بار. ئۇزۇندىن بۇيان نۇرغۇن لەشكىرى يۇرۇشلەردە پەم-پاراستى، ئاجايىپ لەشكىرىتالانتى بىلەن دىققەت نەزىرىمدىن تامامەن ئۆتكەن. ئەمما ياۋمۇ بۇ قېتىم قىلىچنى بىلەپكەلگەن، شۇڭا...

- دېگەنلىرى بەرھەق ئەمما بىز گۈل دىيارىمىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى تازا بىلىپ كەتمەيمىز. ئۇنىئىڭ ئۇ ستىگە خۇدا بەردى بەگمۇ بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭخىزمەتلىرىدەئۇزۇن يىل بولغان. مىجەزى چۇس بولغىنى بىلەن خانلىققا بولغان ساداقىتىنىڭ شەك - شۈبھە يوق.

- دۇرۇس، بۇ تەرىپىگە گەپ كەتمەيدۇ. شۇنداقتىمۇنىمىشقىكىن، كۆڭلۇم خاتىرجەم ئەمەس. كېچىسى ئۇخلىسامىمۇ، چۇشۇمدە شۇ ئىشلار زاھىر بۇلۇپئارام بەريۋاتىدۇ...، - خان سەلگىنە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملا - شتۇردى، - ئۇنىڭ ئۇستىگە كېرىيە باشقا جايلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ دىيار سەلتەنەتىمىزنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى. خانلىقىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلگىرى - ىكى خاقانلارمۇ ئۇ زېمىنى مۇداپىئە قۇرغىنى قىلىپ، چەرچەن، چاقىلىق، كۆكنۇر تەرەپلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان غەيرى مۇسۇلمانلار، چالىش، يۇلتۇز قاتارلىق جايلاردا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان قالماقلارنى توسۇپ، زېمىنىمىزنىڭپۇتۇنلۇككە كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن، تېخى يەنە ئۇ زېمىنى ئارقا سەپ بازىسى قىلىپ، تىبەت تەرەپلەرگە جازا يۇرۇشى ئېلىپ بارغان، شۇڭا كېرىيەدەك مۇھىم ئورۇنغا سەل قاراشخانلىقىمىزغا سەل قاراش بىلەن باراۋەردۇر.

- دانا پىكىر، پېقىر ئالىيلىرىنىڭ قاراشلىرىغا تامامەنقوشۇلىمەن. شۇڭىمۇ خېلى بۇرۇنلا يۇرۇڭقاشتىن چاقىلىققىچە بولغان زېمىننى خانلىقىمىزھاكىمبەگلىك تۈزۈمى بىلەن باشقۇرۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ؟،

- ئىلگىرى مىرزا شاھىت بەگ، مىرزا مۇھەممەت لىتىپلار ھاكىمبەگ بولغان ئۇ زېمىندا هازىر خۇدابەردى بەگدەك ئىشەنچلىك. ئادەملىرىمىز بار شۇندا - قتىمۇ، ئۇ يەرنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ئۆزگىچە. سىلىنىڭ تازا خاتىرجەم بۇلالمايۋاتقانلىقلىرىنىتامامەن چۇشىنىمەن. خان

ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىنبىردىنلا جىمىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ، ھىندىقۇش مىرزا يەنە ئېغىز ئاچتى.

— مۇشۇ كۈنلەردە خوتەندە ئىبراھىم سۇلتان بولغانبولسىدى، سىلىنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتۋاتقان بۇ ئىشلار تامامەن ئۆز يولىدا بىر تەرەپ بولۇپكەتكەن بولاتتى. ئەپسۇس...

ھىندىقۇش مىرزىنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا، ئابدۇللاخان ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى. بۇنى كۆرگەن ھىندىقۇش مىرزا ئۆزىنىڭ ئويلىمايلا گەپ قىلىپ سالغانلىقىدىن ئەندىكىپ، تىزلا يەرگە قارىۋالدى. خان بۇ سادىق ئەمىرىگە سەلگىنە قاراپتۇرغاندىن كېيىن، قولىنى دۇ ستۇرخاندىكى جامغا سوزدىيۇ، يەنە تىزلا تارتتى-دە، ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى. ئەمما ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ خاننىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بىردىنلا بۇزۇپ، خىيال دەرياسىغا سۆرەپ كىردى.

ئابدۇللاخان خانلىق تەختتىدە ئولتۇرغاندىنكېيىن. خانلىقنىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىلىرى بويىچە ئۆزىنىڭ ئۇرۇقتۇغقانلىرىنى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەنلەرنىڭ نايىپ ئەمىرى، ناھىيەلەرنىڭ ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ، يۇرتىدارچىلىق ئىشلىرىبىلەن مەشغۇل بولۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەندىن باشقا يەنە نۇرغۇن زېمىنلەرنىئۆزىنىڭ يېقىنلىرى، ئوردا ئەمىرلىرى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەرگە ۋەخپەقىلىپ بەردى. لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئالغاقچىلار ۋە ئۆزىنىڭ بەشەنچىلىك كىشىلىرىئارقىلىق ئېرىشكەن مەخپىي خەۋەرلەرگە قاراپ، ئۆزىنىڭ خانلىق تەختىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى-دە، بىردىنلا ئىچىگە قورقۇنۇچ چۈشتى. «بۇرۇنقى خانلارمۇ ئۆزىيېقىنلىرى، ئۇرۇق-ئەۋلا-تلىرى تەرىپىدىن تەختتىن ئايرىلغان. سەللا بىخۇدلۇق قىلسام، مەنمۇ ئاشۇ قىسمەتلەرگە دۇچار بولمايمەن دەپ ھۆددە قىلالمايمەن. شۇڭا ئېھتىيات قىلىشىم كېرەك. ئېھتىيات قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز ئىچىمىزدىكى دۈشمەنلەردىن ساقلانغىلى، ئۇلارنىڭخاكى ئاشكارا خاكى يوشۇرۇن

سۇيىقەستلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ» ئۇ شۇ خىيالغا كەلگەندىن باشلاپ، ھەممە ئىشقا شۈبھە بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا خوتەن، ئاقسۇلارنىڭنائىپ ئەمىرلىرى ۋە خانلىقتا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان كىشىلەرنى بىر ئامالّلار بىلەن ئورداخىزمەتلىرىدىن چەتلەشتۈردى. قالماقلارنىڭ خوتەنگە قىلغان باسقۇنىنى قىلچە ئىككىلەنمەي تۈسۈپ، جەڭدە زور خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ، خانلىق ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئىنىسى ئىبراھىمسۇلتاننىمۇ شۇسەۋەبتىن نائىپ خانلىق ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ خان بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. ئۇ ئوردىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقلىرىنى يات كىشىلەرنىڭ قولىغاتۇتقۇزدىيۇ، ئەمما كېيىنچە يەنە مالىمانچىلىقنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ئۇرۇق-تۇققانلىرىغاتايىنىشقاباشلىدى. شۇ قاتاردا خوتەننىڭ نائىپ ئەمىرلىكىنى نەۋرىسى-قەشقەرنىڭ نائىپئەمىرى يولۋاسخاننىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا سۇلتانغا تۇتقۇزغان ئىدى.

ئارىنى ئېغىر سۈكۈناتلىق باسقان ئىدى. ئابدۇللاخانھىندىقۇش مىرزىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى. ھىندىقۇش مىرزا ھېلىھەم باياتىنقىدەك بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ، خاننىڭ خىيالىدىن بىر ئىش كەچكەندەكبولدى-دە يەر تېگىدىن بىردە ئابدۇللاخانغا، بىردە خانلىق سەلتەنەتىنىڭ ئابرۇيلۇق سانغۇنغاقاراپ، ئۆزىگە ئەزەلدىن خانغا يېقىن ئولتۇرۇپ، ھەمسۆھبەت بولۇشنىڭ نېسىپ بولمىغانلىقىدىن ئۈكۈنۈپ، ھەسرەت چېكىۋاتقان بىكاۋۇل بەگگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇنىڭ بىلەن بىكاۋۇلبەگنىڭ قانات يا ساپ ئۇچۇشقا تەييار بولغان خىياللىرىنىڭ قانىتى بوغۇشلاندى،-دە ناھايىتىتىزلىكتە جامغا مەي قۇيدى.

- يەنە بىرنى قۇيۇڭ، ھىندىقۇش ئەمىر بىلەن كۆتۈرىۋېتەيلى.... . بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىكاۋۇل بېگنىڭ چىرايى سەل بوزاردى. ئۇ ئەتىگەن خاننىڭ ئۆزاپېغاقاراپلا، قاشتېشى جامدىن ئىككىنى تەييار قىلغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۆز نېسىۋىگە باشقا بىراۋنىڭ شېرىك

بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، غۇژژىدە ئاچىقى كەلدىيۇ، ئەمما چاندۇرماستىلا يەنە بىر جامغىمۇ مەي قويدى.

- ئالىسىلا ئەمىر، مۇ شۇ كۈندە كۆڭۈلگە شادلىق بېغىشلايدىغىنى، ئادەمنى غەم-غۇ سسە، بولمىغۇر خىياللاردىن نېرى قىلىدىغىنى مۇشۇ مەي ئىكەن. ئىككىمىز بىردىن كۆتۈرەيلى..

ھىندىقۇش مىرزا خاننىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۆزرە سورىماقچى بولغاندەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدىيۇ. ئەمما نېمىشقىكىن بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتىۋەتتى. شۇ چاغدا ھۇدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

- سەلتەنىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ خاقانى، ئادالەتپاناھ ئابدۇللا خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي!، مىرزا باباقبەگ جانابلىرى ئىۋەرتكەن چاپارمەنكەلدى.

- تىز باشلاپ كىرسىلە، -خان بىردىنلا ئورنىدىن قوزغىلىپ، ھۇدەيچى بەگكە يۈزلەندى، چاپارمەن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگەكەلسۇن. . ...

ھىندىقۇش مىرزا خاننىڭ بۇ ئىشىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نۇرغۇن جەڭگاھلاردا ياۋغا قارشى بىرلىكتە ئاتلىنىپ، مىجەز-خۇلقىنى ئايا غدىكى ئاشىتەك بىلىپ كەتكەن مىرزا باباقبەگنىڭ يولغا چىققا ندىن بىرىبىرەر ئۇچۇر بەرمەي كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، خىلمۇ-خىل ئويلارغا گىرىپتار بولغان ئىدى. مانا ئەمدى ھۇدەيچى بەگنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ بىردىنلا خۇشال بولدى. شۇ ئەسنادائاددىيلا كېيىنگەن، ياز ئوتتۇرا بولغانلىقىغا قارىماي، سەرگەز چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن پوتاباغلاپ، بېشىدىكى تاشلانمىغان تەلپىكىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بىرى ھۇدەيچى بەگنىڭئىيىنغاكەلدى-دە، خانغا ئادەت بۇيىچە تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەلپىكىنى بېشىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ قېتىغا تۈجۈپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر پارچە مەكتۇپنى ئالدى-دە، بېشىدىن ئېلىپكۆتۈردى

- مىرزا باباقبەگ جانابلىرىنىڭ خان ئالىيلىرىغا يوللىغان مەكتۇبى..

. ئابدۇللاخاننىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ھۇددەيچىبەگ ئۇنىڭ قولىدىن مەكتۇپنى ئالدى ـ دە، دوستۇرخاننىڭ چۆرىسىدىن ئايلىنىپ، خاننىڭ يېنىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سۇندى. ئابدۇللاخان مەكتۇپنى ئالدىراپ ئېلىپ، خەتكە تىز ـ تىزكۆز يۈگۈرتتى، ـ دە، ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى يۇغان ئاچتى. بۇنى كۆرۈپ، ھىندىنقوشمىرزىنىڭمۇ ئىختىيارسىز قۇشۇمىسى تۈرۈلدى.

- كۆرۈپ باقسىلا، ـ خان مەكتۇپنى ھىندىقۇش مىرزىغاتەڭلىدى. ھىندىقۇش مىرزا خاننىڭ قولىدىكى خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغانمەكتۇپنى ىھترام بىلەن ئېلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ھەيران بولغاندەك، ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغان خانغا قارىدى.

- بولدى، كۆتۈرۈۋەتسىلە ھىندىقۇش جانابلىرى، مەنمۇ ئۆللالەم ئەشۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم، مەيلى خەيرىيەت،« مۇسۇلمانچىلىقمۇ ئاستا ـ ئاستا» دەپتىكەن. بۇ ئىشلارمۇ مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، ـ ئابدۇللا ـ خان ھىندىقۇ شمىرزىنىڭ مەكتۇپتىكى ئىشلار ئۇ ستىدە ئېغىر تۇسۇماقچى بولغاندەك ئالدىدىكى جامنى قولىغائالدى،

- بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق ئوخشايدۇ. ھەممىنى ياراتقۇچى ئىگەم بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئابدۇللاخان سۆزلەۋېتىپ ھىندىقۇش مىرزىغا مەنىلىك قاراپ قويدى ـ دە، جامنى لىۋىگە ئاپاردى. ئۇنىڭ نىمە مەقسەتتە بۇ گەپلەرنى دەۋاتقانلىقنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ ئۈلگۈرگەن ھىندىقۇش مىرزىمۇ ئەمدى سۆزسىز ئالدىدىكى شارابنى ئىچمىسەبولمايدىغانلىقنى ھېس قىلىپ

«چۈشەندىم» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئەمما باياتىنبىرى كېرىيەدىن كەلگەن مەكتۇپتا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بىلدىشكە تولىمۇ تەقەززابۇلۇپ ئولتۇرغان بىكاۋۇل بەگ بۇ سىرلىق گەپ، ئىما - ئىشارەتلەردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھەيرانلىق ئىچىدە خىيالغا پاتتى.

خاننىڭ خاس خانىسىدىكى شاھانە شامدانلار ئۆي ئىچىنى سۈس يورۇتۇپ تۇراتتى. خان ئالدىدىكى شىرەدىكى سوۋۇپ تىۋىغا كېلىپ قالغان جايدىن ئىككى - ئۈچ ئوتلامئېچىپ، رەڭدار گۈللەر چېكىلگەن پىيالە چوڭلۇقتىكى ئەتىۋارلىق قاچىنى ئەسلى ئورنىغاقويۇپ قويغاندىن كېيىن، باياتىن بىرى ئۆزىگە، «ھەر نېمە گەپ بولسا ئوچۇق دېسىلە، ئەنەھزرىتىم، قۇلىقىم سىلىدە» دېگەندەك تىكىلىپ ئولتۇرغان ھىندىقۇش مىرزىغا قارىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۈگۈنكىدەك تىنجىق ئىسسىقتا خاس خانىغا كىرىپ بولغىچە، مۇلازىملارغا ئىشىكنىلا ئەمەس خانىنىڭدەرىزە، تۈڭلۈكلىرىنىمۇ چىڭ ئەتتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ھەتتا خاس خانە ئەتراپىدىغا ھېچ كىشىنىڭكەلمەسلىكى - نى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلماسلىقىنى تاپىلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇزىنىخاننىڭ چاقىرىشىدا مۇھىم ئىش بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ھىندىقۇش مىرزا خاننىڭ ئەمىلىمۇددائىسىنى بىلمەكچى بولغاندەك تىكىپ ئولتۇراتتى.

- ئەتىگەنكى مەكتۇپتىن ئۆزلىرىمۇ خەۋەر تاپتىلا، - دېدى ئابدۇللاخان خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئۆيدىكى ئېغىر بۇرۇقتۇم ھالەتكەچىدىيالمىغاندەك پەس ئاۋازدا ئېغىز ئىچىپ، - مىرزا باباقبەگ ئەمىر كېرىيەگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەمما تېخى ياۋنىڭ ئەلىمى - تەلىمىنى بىلەلمىگەن ئوخشايدۇ. قارىغاندا بۇ ئۇرۇش خېلى ئۇزۇنسۇزۇلىدىغاندەك، شۇڭا مەنمۇ ئاز - تولا ۋاھىم يەپ قالدىم.

- ئەنھەزىرىتىم خاتىرجەم بولغايلا، مىرزا باباقبەگ لە شكىرى ئىلىمگە پىششىقان ئادەم. ئۇ بار جايدىن ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ. بۇنداق دېيىشىمنىڭئۇل مۇددىئاسى شۇكى، كەمىنە پېقىرلىرى ئۇ سەركەردە بىلەن نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا بىرگە بولغانمەن. مىجەزى ماڭا بەش قولدەك ئېنىق. ئادەتتە يەكمۇ-يەك ئېلىشىشتىن باشقا يەنە پەم-پاراسەتبىلەن ياۋنى ئاسانلا قىلتاققا دەسسىتىپ، خاكى چوڭ، خاكى كىچىك ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدەئۆز ئىستېداتىنى نامايەن قىلىپ كەلگەن. - بۇ تەرىپى ماڭىمۇ ئايان. ئەمما بۇ قېتىمقى ئۇرۇش باشقا ئۇرۇشلارغا ئوخشىمايدۇ. كېرىيەدە پۇت تىرەپ تۇرالمىساق، خانلىقىمۇ ئېغىرتالاپەتكە ئۇچرايدۇ، شانۇ-شەۋكىتى يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ دېگەنلىكتىن بېشارەت، جانابىئەمىر. . . .

- كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن ئادالەتپاناھىم. ئۇل دىيارراستىنلا ئىستىراتېگىيەلىك ئۇرۇن. ئالدىنقى خانلارمۇ بۇنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن. بىزگىلائەمەس، ئەل رەئىيەتكىمۇ سىر ئەمەسكى، مەرھۇم سەئىدىخان، ئابدۇرېشىت خانلارمۇخوتەن زېمىنىدا باقىيغا رىھلەت قىلغان. شۇڭا ئۆزلىرى دېگەندەك بۇ ئىشنى چوقۇم «زىخمۇكۆيمەيدىغان كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان» ھالدا بىر تەرەپ قىلىش تولىمۇ زۆرۈر دۇر. ئابدۇللاخانىيېشى 45-46لەردىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما كىشىگە ياش، نەۋقىران يىگىتلەردەك تۇيغۇ بېرىدىغان، بىر جۈپ قوي كۆزلىرىدىن پەم-پاراسەتلىكى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭمۇ ئۆز مۇددىئاسىغا يېقىن سۆزلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كۆڭلى ئازتولا ئەمىن تاپقاندەكبولدىيۇ، ئەمدى ئۆز نىيىتىنى ئاشكارلىسا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. - سىلىچە كېرىيەتەرەپلەرگە ئۆزۈم ئاتلانسام قانداق بولار؟ - سورىدى خان سىنچى كۆزلىرىنى ھىندىقۇش مىرزىغاتىكىپ.

ھىندىقۇش مىرزا بۇ گەپتىن سەل ھەيران بولدى. ئۇ خاننىڭ كېرىيەتەرەپنىڭ ئىشلىرىدىن تازا دېگەندەك خاتىرجەم بولالماي يۈرگەنلىكىنى سېزىپ تۇرىۋاتسىمۇ، ئەمما بۇنداق خىيالغا

كېلىپ قالار دېگەننى ئەسلا ئويلاپ باقمىغاچقا، دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ـ بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم. ئاخىرى شۇنداق قىلاي دېگەنىيەرگە كەلدىم، جانابلىرى، ـ دېدى خان بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، رەشىدار خوتەن گىلەمسېلىنغان خانە ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ، ـ «ياقسام، پىشارمۇ كۆمسەممۇ» دەپئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى. راست گەپنى دېسەم خېلىدىن بېرى قانداق قىلىشنى بىلەلمەيئارسالدى بولۇپ قالغان ئىدىم. ئەمما ئەتىگەنكى مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەمدىئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى.

ـ ئەگەرئۆزلىرى بولمىسىلا، ئوردىدا بىرەرئەھۋال يۈز بېرىپ قالماس؟ ئابدۇللاخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال قەدەملىرىنى توختىتىپ بايامقى ئورنىغا كېلىپ، ھىندىقۇش مىرزا بىلەن رۇبىرۇئولتۇردى ـ دە، «قىنى سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەتسىلە ؟» دېگەندەك تىكىلدى.

ـ يېقىنقىئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان يات قوۋملارنىڭ پاراكەندىچىلىكى خېلىلا پەسكويغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئەلنىڭ ھال ئوقىنى ھەر نېمە بولسا ئاز ـ تولا ياخشىلىنىپ قالدى. ئەمما ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىكىلەر...، ـ ھىندىقۇش مىرزا نىشقىدۇر گېپىنى تۇختىۋالدى.

ـ سۆزلىۋەرسىلەجانابلىرى، قۇلىقىم سىلىدە. ھەر نېمە ئىش بولسا دەۋەرسىلە، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقائادەم يوق، ـ دېدى ئابدۇللاخان، ـ خاتا گەپ قىلسىلىمۇ سىلىنى كەچۈردۈم.

ـ بۇ ئىشلار ئالىلىرىغاسىر ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئەمىرلىرىبولغانىكەنمەن ئاڭلىغانلىرىمنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزسەم. تۆزكورلۇق قىلغان بولىمەن، ـ ھىندىقۇش مىرزا خاس خانە ئىچىدە ئىككىيلەندىن باشقا ئادەميوقلىقىغا قارىماي، ناھايىتى پەس ئاۋازدا سۆزلىدى،

ـ يېقىندىن بۇيانقى ئىشلارغا، قەشقەر تەرەپلەردىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەرگە قارىسام، شاھزادىنىڭكۆزى يەكەن تەرەپكە تىكىلگەندەك قىلىدۇ. چىن يۈرىكىمدىكى گەپنى دېسەم، ئۇ ئۆزبىرىنىڭپۇشتى، ئەقلى ھوش جايىدا بولسىلا، ئاتىسىنىڭ تەختىگە كۆز تىكمەس دەيمەن.

ئەمما يېنىدىكىلەرنىڭ ئېلىشتۇرۇپ، خانلىق ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويسا، خۇدىنى بىلەلمەي قىلىچى قىنىدىنچىقىرىپ سالامدىكىن دەپ قورقىمەن.

- بۇ خەتنى كۆرۈپ باقسىلا، - خان ھىندىقۇش مىرزىنىڭسۆزىنى ئاڭلاپ، خاننىڭ تۆر تەرىپىدىكى رەڭدار نەقش چىقىرىپ ياسالغان ئۇيۇقتىكى كىچىكساندۇقتىن ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە خەتنى ئېلىپ سۇندى. ھىندىقۇش مىرزا خەتكى. تېزلىكتە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئەجەپلەنگە-ندەك ئىتتىكلا بىشىنىكۆتۈرۈپ ئابدۇللاخانغا تىكىلدى. - ئەنھەزرىتىممۇ بۇ ئىشلاردىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بۇپىلا-دە. ئابدۇللاخان «ھەئە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

- مەن تاپشۇرۇۋالغان ئۇچۇر بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش ئىكەن، - ھىندىقۇش مىرزا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى، - قارىغاندا شاھزادە يولۋاسخاننىڭ يېنىدىكىلەر ئۇنى تەخت ۋەسۋەسىگە سېلىپ، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزالمىغان ئوخشايدۇ. - بۇئىشلاردىن ئانچە ئەجەپلەنمىسىلە جانابلىرى، ئەلمىساقتىن بۇيان شاھلىق تەختىگە ئىنتىلمەيدىغانكىم بار دەيلا، باشقىسىنى قويۇپ تۇرغاندۇ، بوۋام سەئىدىخان زامانىسىدىن تارتىپ، ھازىرغاكەلگۈچە خانلىق تەختى غالىبلارنىڭ بولۇپ كەلگەن. شۇڭا تەخت تالىشىپ، ئاتابىلەن بالا، ئاكابېلەن ئۇكىلار ئارىسىدا ئاز بولمىغان جېدەل، تىز، ئاداۋەتلەر يۈزبەرمىدىمۇ ؟.... . لېكىن ئەقلىم ھەيران. بالام يولۋاسخان نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ دەيمەن؟ مەن تېخىھايات تۇرۇپ، ھېلىتتىن تەختكە كۆز تىكسە، بۇ قاملىشامدۇ؟!، سىلىدىن يو شۇرمايمەن ئەمىرجاناپلىرى، يولۋا سخان مىنىڭ پۇشتۇم، يۈرەك پارەم، مەن ئۇنى ئەمدى تېخى سەككىز يا شقاكىرگەندىلا يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا پىشسۇن، ئەل رەئىيەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، كۆزى ئېچىلسۇندىگەنمەقسەتتەقەشقەرنىڭ نائىپ خانلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدىمغۇ ؟!... . شۇ چاغدا،

نۇرغۇن ئەمىرلىرىملا ئەمەس، خانىشىمۇ ئېغىزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن بىر بالىنىڭ نايىپ خان بولۇشىغا قوشۇلماي، نەچچە يىلغىچە بېشىمنىڭ ئىچىنىمۇ-تېشىنىمۇ قاتۇرغان ئىدى. بىراق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ ئېغىزىمۇ بېسىقىپ قالدى. مانا يىگىرمە نەچچە يىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇبىر يۇرتنىڭ ئاستى بولۇپ، نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېشىغا ياش، ئەقلىگە-ئەقىل قوشۇلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ تەختنىڭ باشقا بىرسىگە ئەمەس، دەل ئۆزىگەتىگىل ئىكەنلىكىنى چۈشەنسە بولمامدۇ ؟!... ، - ئابدۇللاخان سۆزلىگەنسېرى قىزىشتى. - ئۇنىڭئۈستىگە خۇتەندەك مۇھىم يەرگە ئۇنىڭ ئوغلى، مىنىڭ نەۋرەم ئەبەيدۇللا سۇلتاننى نايىپخانلىققا تەيىنلىدىمغۇ؟ ئۇنىڭغا ئەمدى مۇشۇمۇ يەتمىگەندەك ماڭا پوت ئاتسا، نېمە دىگۈلۈكئەمدى. ...

- سەۋرىقلىسىلا ئادالەتپاناھىم، جاھاندا ئىنسان ئۈچۈن سەۋرى قىلىشتىن ئۆزگە ئۇلۇغ ئىش يوق. بەلكىم شاھزادىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسەتكەن، ئۇنى دەيدەيگە سالغان بولىشىمۇمكىن. ئۆزلىرى دېگەندەك شاھزاده يولۋاسخانئالىيلىرىمۇھازىر كىچىك بالا ئەمەس، بۇنداقچوڭ ئىشقا كەلگەندە، چوقۇم ئەقلىنى ئىشقا سالار. . ...

- بۇنىڭغا ھېچ ئىشەنگىم كەلمەيدۇ، ئەمىر جانابلىرى. مانا «تەنھا سۇمۇرغ» دىن كەتكەن مەخپىي مەلۇماتنامىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىمۇ مۇشۇ مەلۇماتنامىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش ئۇچۇرغا ئېرىشكەن ئوخشايلا. ئىش ئاياغدىكى ئاشتەك ئېنىق تۇرسا، ئەمدى بۇ ئىشنىڭ قىلچە شۈبھىلىنىدىغان يىرى قالمىدى.

- بەلكىم شۇنداقتۇر. يېقىندىن بۇيان قەشقەر تەرەپتە غوجا ھىدىيايىتۇللا ئىشانىڭ ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرغىباتچىلىرى كۆپىيىپ قالغانمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زاتمۇ كۈندە دېگۈدەك

شاھزادە يولۋاسخان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقانمىش. پەمىچە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ كىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەيمەن.

ـ مەنمۇئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، شۇ خىيالغا كەلگەن. مانا ئىككىلىمىز ـ نىڭ ئويى بىر يەردىنچىقتى. مىنىڭ خوجا ئابدۇللا ئىشانغا قول بېرىپ، مۇرىد بولغىنىم پېقىرنىڭ شەخسى ئىشى. ئەمما ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا مەيلى ئىشقىيە سۇلۇكى بولسۇن، مەيلى ئىسھاقىيە ھېچقايسىسىغا يان باسماي كەلدىمغۇ؟ تېخى ھىدايىتۇللا ئىشان بىلسە، ئۇنىڭغا تولىمۇ كەڭ قوللۇق قىلدىم. نۇرغۇن يەر، باغ، سۇ ۋەخپە قىلىپ بەردىم.

ـ بەلكىم ئۇ زاتنىڭ بىز بىلمەيدىغان باشقا ئويلىرىمۇباردۇر، ئالىيلىرى. ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن، ناشۈكۈر مەخلۇق. شۇڭا باي بولغانلارنىڭ. تېخىمۇ كاتتا زەردار بولغۇسى، ئابرۇي قازانغانىسىرى ھەممىسىلا ئادەم سىزغان سىزىقىمدىن چىقما سكەن دەپ خىيال قىلىشى ئادەتتىكى ئىش. شۇڭا بۇ ئىشتا چوقۇم ئېھتىيات قىلىشىمىززۈرۈر ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلىپ، رەقىپلىرىمىز ـ نىڭ تۇگمىنىگە سۇ باشلاپ. ئاداۋەتچاكلىرىنى يوغۇنتۇۋەتمەيلى... ...

ئابدۇللاخان بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كىيىن، بىردىنلا ھىندىقۇش مىرزىنى چاقىردىشتىكى مەقسىتىنى قايتىدىن ئېسىگە ئېلىپ سورىدى. ـ سىلىچە مەنكىرىيە تەرەپلەگە بارسام بولارمۇجانابلىرى ؟. ...

ـ بۇجەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرى قانداقكىن، ئەنھەزرىتىم؟، ـ ھىندىقۇش مىرزا خاننىڭ كۆڭلىدىكىنىتېخىمۇ ئېنىق بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە سورىدى. ـ ئۆزلىرىگە كۆپ سۆزلىمىسەممۇ چۈشۈنىدىلا، بىراق ئەندىشە قىلىدىغان يەرلىرىمۇ بار.

ـ چۈشەندىم، ـ ھىندىقۇش مىرزا خاننىڭ باياتىن بىرىگەپنى ئەگىپ دېيىشتىكى مۇددىاسىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلىپ يەتتى. ـ بۇ سەپەرگە چوقۇم چىقسىلائالىلىرى. ھەم شاھزادە

يولۋاسخانىنىڭمۇ بۇ كېرىيەگە بېرىشىغا يارلىق چۈشۈرسىلە. شۇنداق قىلغاندا، بىر چالمىدا، ئىككى پاختەكنى سوققىلى بولىدۇ ئەمما شاھزادە لەشكەر ئالمىسۇن، ئۆزىنىڭقوغداشقا 40ـ 50تەك چېرىك ئېلىۋېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىدا تۇرۇپ بەرسىلىلا بولىدۇ. خان ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ھىندىقۇش مىرزىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ، خۇشال بولدى ـ دە، مەنمۇنبولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ـ مەن ئەتىلا يولغا چىقاي، شاھزادىگە بۈگۈنلا يارلىق ماڭدۇرايلى، ئۇ كەينىمدىن بارسۇن. ھىندىقۇش مىرزا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يېنىك خۇرسىنۇپ قويغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى. ـ دانا پىكىر بولدى. بۇ ئىشتا شۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوقكەن ئالىيلىرى...

بۈگۈن ئوردىنىڭ ئالدى بۆلەكچىلا قىزىپ كەتكەنىدى. ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى رەتلىك تىزىلىپ، خاننى كېرىيە سەپىرىگەئۇزۇتۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. سەپەر تەييارلىقىنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتۇپ قىلغانسۇلتان ئابدۇللا خان ئاخشام ھىندىقۇش مىرزا بىلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە بۈگۈن شەھەردىلا شاھنىشىندا ئوردا ئەمىرلىرى ئالدىدا سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ـ دە، باشقىلارنىڭ قانداق مەلۇماتنامىلىرى بارلىقىنىمۇ سورىماستىن شاھنىشاھتىن ئايرىلدى. بۇنى ئاڭلاپئەمىرلەر تۈرلۈك خىياللاردا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمىدى. مانا ئەمدى ئۇنى ئۇزىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى.

ئابدۇللاخان ئەمىرلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئەمدىلا شاھانە مەپىگەچىقاي دەپ تۇرۇشىغا يىراقتىن جەرە ـ ساما ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بارا ـ بارا كۈچەيدى. خان شۇتەرەپكە قاراپ، خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ بىر توپ سۇفى ئىشانلارنىڭ ھىمايىسىدە ئۆزى تەرەپكەكېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى. شۇنىڭغى ـ چىلىك ئاۋازى تارتىملىق ياش ھاپىزنىڭ ئوقۇغانھۆكمىتىگە كېلىشتۇرۇپ

دەسسەپ، «ھۇم ـ ئاللاھۇ ھۇم »،« ھۇم ئاللاھ، ھەق دوست» دېگىنچەدوست تارتىشىپ كېلىۋاتقان سۇفىلارمۇ خانغا يېقىنلىشىپ بىردىنلا توختاتتى. مەختۇمزادەخوجائابدۇللا ئىشان تېزلىكتە ئىككى قولىنى سوزغىنچە ئابدۇللاخاننىڭ ئالدىغا باردى، ـ دە، خاننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ـ ئى خانلىقىمىزنىڭ قۇياشى، ئەلنىڭ باشپاناھى، بەخت يۇلتۇزى بولغانمىش شاھىم، ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتىمىزگە قارا سايە تاشلاپ تۇرغان ئەقلىچولتا، قەلبى قارا مۇتەھەملەرنى جازالاش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقلىرىدىن تېخى ھازىرلا خەۋەرتاپتىم ـ دە، بۇيانغا ماڭدىم. ئەگەر ئىجازەت بولسا، ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئاشۇ رىياكارلارغاقارشى ئاتلىناي دەيمەن.... مەختۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپتۇرۇپ دېگەن سۆزلىرى ئابدۇللا خاننى تەسىرلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمىرلەر ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، تىزلا جاۋاب بەردى.

ـ ئۆزلىرىنى بۇ مۇشەققەتلىك سەپەرگە رىيازەت چەكتۈرمەي، پىرى پۈرزۇك. پېقىرنىڭ پېشانىسىگەپۈتۈلگەن تەقدىرى قىسمەت مۇشۇ ئوخشايدۇ. شۇڭا مەنلاباراي، بولدى. ـ بۇ نېمە دېگەنلىرى ئى ئادالەتپاناھ شاھىم، ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا سانجىلغانتىكەن، مىنىڭ كۆزۈمگە قادالغان ئوقتۇر، ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرىدىن كەچكەن ئىش ئاللاھتا ئالا پېقىرغا يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر. بۇنداق دېسىلە كەمىنىلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان بۇلۇلا، خانلىقىمىز ـ نىڭ تۈۋرىگى، سۇلۇكىمىزنىڭ باش پاناھى، ئەلنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى بولمىشئالىلىرى. . ...

ـ يۇقسۇ، زىنھار ئۇنداق ئويلىمىغايلا. بۇ جاھانغا تۇرەلگەن ھەرپىر ئىنسان تەقدىرى قىسمەتتە پۈتۈلگىننى كۆرمەي ئىلاجى يوقتۇر. شۇڭا ھەرگىزبولمىغۇر خىياللاردا بولمىغايلا.

— كىچىدىن تاڭ ئاتارغا يېقىن چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە مەرھۇم دادام خوجا شادى پەدەرى بۇزرۇكمۇ، «خاقانى ئالى ئابدۇللاخان جانابلىرى بۇگۈنتۈنلا ساۋابلىق، خەيرلىك ئىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. سەن ئۇنىڭ پىرى ئۇستازى بولمىش سالاھىيىتىڭ بىلەن سۇلتانىمىزغا ئاق يول تىلەپ، دۇئا قىل» دېدىلەر. پېقىر چۈشۈمدىن ئويغىنىپ، ئىككى راكەت ناماز ئوقۇپ، ئۆزلىرىگە ئاق يول، ھىجرەتلىرىگە نۇسرەت تىلىدىملەر. — مەخدۇمزادە خوجا ئابدۇللا ئىشان ئۆزىنىڭ بىللە بېرىشقا خاننى قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىردىنلا لەسسىدە بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەمما چاندۇرمىدى.

— نامىزىمنى تاماملاپ يېتىپ ئاسمان سەتھىسىگە نەزەر سالسام، ئالىيلىرىنىڭ شەرق تەرەپتىكى يۇلتۇزى تولىمۇ روشەن كۆرۈندى. قارىغاندا ئەنھەزرىتىمنىڭ ھىجرەت سەپەرلىرىنىڭ يوللىرى تۈز، دۆلەتلىرى يەنىمۇ زىيادە بولغىدەك. — بىرى بۇرزۇكنىڭ سۆزلىرىگە ماشائاللا، دېگەنلىرىكەلسۇن. — ھىجرەت داۋامىدا تەنلىرىنى ئاسىرغايلا ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ساقلىقى ئەل رەئىسىيە-تىنىڭ ھۇزۇر ھالاۋىتى، سۇلۇكىمىزنىڭ بەختى. — ئېيتقانلىرى كەلسۇن. پىرى بۇرزۇك...— ئامىن....، — خوجا ئابدۇللا ئىشان بىردىنلا دۇئاغا قول كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئوردائالدىدىكى كەڭرى سەينادا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەڭلا ۋاقىرغان سادا بىردىنلا گۈرۈلدىدى. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇللاخانمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى دە، كۆڭلى نېمىشقىدۇر يېرىم بولغاندەك، ئىشانغا مۇڭلىنىپ قارىدى.

— پېقىرنىڭسەپەردە رىيازەت چەكمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىمنى توسۇپ ئاۋامنىڭ بەختى-سائىتى ئۈچۈن ھىجرەتيولىغا مېڭىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدىلا، ئەنھەزرىتىم. مۇشۇنداق ياخشى كۈن، ياخشى سائەتتە ئاتلانغايلا، قېنى مەيگە چىقسىلا... ، — ئىشان خاننى مەيگە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇللاخانمۇ تارتىنىشمايلا مەيگە چىقتى-دە، ئۆزىگە يېقىنلا يەردە تۇرغان

پەرمانچى بەگگە قاراپ بېشىنىلىخشتىپ قويدى. بۇنى كۆرگەن پەرمانچى بەگ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى. ـ خاندىن يارلىق، سەپەر باشلانغاي. ...!

بۇ گەپ بىلەن ئاۋۋال توغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن15 ـ 20 لەشكەر، ئۇنىڭ كەينىدىن تۇلۇق قۇراللانغان ئاتلىق لەشكەرلەر، ئاندىن خاننىڭمەپىسى يولغا چىقتى. ئارقىسىدىن پىيادىلىك لەشكەرلەر ئاتلاندى. خاننى ئۇزىتىش ئۇچۇنچىققان ئوردا ئەمىرلىرىمۇ، خوجا ئابدۇللا ئىشانمۇ يەنە بىرمەرتەم دۇئاغا قول كۆتۈردى. كېرىيەگە ئاتلانغان كارۋان پىششىمدىن كىيىن بىپايان سايلىققا كىرىپ كەلدى. ئەتراپ تۇنۇردەكئىسسىپ كەتكەن ئىدى. توغچى لەشكەرلەرمۇ، ئاتلىق سەرۋازمۇ، ياياق قوغدىغۇچىلارمۇ ئىسسىق تەسىرىدىن خېلىلا بوشىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ماڭماقتا ئىدى. مەپىنىڭسىرتىنى كۆرۈش ئۇچۇن ياسالغان كۆزنەكنىڭ يىپەك پەردىسىنى قايرىۋېتىپ، ئەتراپقا قاراپ ئولتۇرغان ئابدۇللاخان چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئىدى. ئۇ ھەرقانچە ئويلىماي دېسىمۇ، ھامانئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قەشقەردىن كەلگەن خەت كېلىۋاتاتتى. ھىندىقۇش مىرزا دېگەندەك يولۋا سخاننىۋە سۆدىسىگە سالغان، كۆ شكىرىتۋاتقان، ئاستىرىتتىن ھەممە ئىشنى پىلانلاپ، ئۆزىنىڭ مەخسەتمۇدداسىنى جاراستانغا چىقىرىش ئۇچۇن، ھيلە ـ مىكىر توگمىنىگە ئۇگۇت قۇيىۋاتقان ئادەمغوجا ھىداياتۇللا ئىشان بولۇپ، قەشقەرنىڭ نائىپ خانى شاھزادە يولۋا سخان ئۇنىڭ شاھماتتاختىسىدىكى كۆزۈر ئۇرۇقىقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئەسلى ھىدايىتۇللا ئىشان بىلەن مەختۇمزادەخوجا ئابدۇللا ئىشاننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بىر ئىدى. ئەمما كيىنكى ۋاقىتلاردا بىر توققانلارئارىسىدىكى نىزا، ئاداۋەت ۋە سۇلۇك پىرلىقىنى تالىششىش كۆرۈش سەۋەبلىك خوجا مۇھەممەتيۇسۇپ ۋەكىللىكىدىكى ئىشقىيە سۇلۇگى ئابدۇللاخوجا ىشاننىڭ دادىسى خوجا شادى باشچىلىقىدىكىئىھساقىيە سۇلۇكلىرىگە يۇلۇنۇپ، «

ئاق تاغلىق »،« قارا تاغلىق» بۇلۇشۇپ يۇرۇشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللاخان سۇلۇگى ئىسھا قىيەگە قول بېرىپ، مۆرىد بولغان ھەم خوجا شادىندۆلەت ئۈستازى دەپ جاكارلىغان بولغاچقا، تۇرغان- پۈتۈكىنى ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا بۇ ئىش تولىمۇ ئېغىر كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ يارا ئېغىزىنىشاھزادە يولۋاسخان ئارقىلىق، ئېغىز ئالدۇرۇپ ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى نىزا خۇسۇمەتتىنپايدىلىنىپ، سۇلۇكى ئىشقىيەنى كۆچەيتىش ئارقىلىق ئاتىسى مۇھەممەت يۇسۇپ خوجا باشلاپبەرگەن سۇلۇك يولىنى راۋاج تاپقۇزۇش، كېيىنكى كۈنلەردە سەئىدىيە ھاكىمىيىتى ئارقىلىقسۇلۇكنى پۈتكۈل خانلىقتا كېڭەيتىش، ھەتتە ئوردىدا كاتتا مەنسەپ ئەمەللەرگە ئىگە بۇلۇ شمەقسىتىدە نادان، مەمەددان، كىچىكىدىن ئاتا تەربىيەسىدىن ئايرىلىپ، ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى ساپا پاتقىقىغا پېتىپ قالغان شاھزادە يولۋاسخان ئارقىلىق شېرىن چۈشۈنى جاراستانغاچاقىرىش نىيىتىدە ئىدى. شۇڭا ئاق يەردىمۇ تۈگمەن چۆرگىلىتىدىشكە كۆنۈپ قالغان ھىدايىتۇللا ئىشان يولۋاسخاننىڭ كەم ئەقىللىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى دادىسى بەر قارار بولىۋاتقانتەختكە قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ۋەسۋەسە دەرياسىغا قولۋاقسىز باشلاپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئاللىقاچان ۋەلىئەھدى دەپ جاكارلانغان شاھزادىگە كۈنلەر مەنىسىز تۇيۇلۇپ، مەيلى قاچانلابولمىسۇن، ئۆزىگە نېسىپ بولىدىغان ئاشۇ سېھىرلىك ئورۇنغا كۆز قىزارتىش دەرىجىسىگە بېرىپيەتكەن ئىدى. ئەمما پاختىنى چوغ ئۇستىدە ساقلىغىلى بولمىغاندەك، بۇ ئىشلار نايىپ خانشاھزادە يولۋاسخاننىڭ يېنىدىكى پىنھان كىشىلەر تەرىپىدىن سۇلتان ئابدۇللاخانغا ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرىلىۋاتقاچقا، خىلۋەت خانىلەردىكى پىچىرلىشلار، قۇلاق يىقىپسۆزلىششلىرىمۇ ئاللىقاچان ئاشكارا مەخپىيەتلىككە ئايلىنىپ، خانلىقنىڭ يەركەندىكى ئوردىدىكى جىمى ئەمىرلەر بىلىدىغان، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي ئىشقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئابدۇللاخان گىيا ئۇنمەيدىغان تاقىر سايغا قاراپ، ئۇھسىنىپ قويدى. يولغا چىققاندىن بىرى ئاللىقاچان خىياللار ئۇنى چىرماپ، قەلب يارىسىنىقانىتىپ قويغان ئىدى. شۇڭا بىرەر ئىش بىلەن ئۆزىنى مەلىكە قىلىپ، ئايىغى چىقماس خىياللاردىنىرى بولۇشىنى ئويلاپ قالدى ـ دە، مەپەكۆز نىگىنىڭ يىنىدىلا ئاتلىق كېتىۋاتقان نەۋكەرگە قاراپ، بىردىنلا كۆڭلى يۇرۇپ كەتتى ـ دە، مەپە كۆز تېگىدىن بېشىنى چىقىرىپ، بۆرە يۇردىشىدەبىر خىل رىتىمدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان قۇلۇن ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە تىزگىنىنى چىڭ تارتىپئولتۇرغىنىچە مۈگدەپ ئولتۇرغان پەرمانچى بەگكە پەرمان بەردى.

ـ ماڭا ئات كەلتۇرۇڭلار، مەپە توختىغاي. بۇ گەپ بىلەن ئۈچ ئات قوشۇلغان مەپە توختىدى، ئابدۇللا خان مەپىدىن چۈشۈپ، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغاندەك كېرىلىپقويدى. شۇنىڭغىچە پەرمانچى بەگ ئەتىگەندىن بىرى مەخسۇس نەۋكەر پىتىلەپ كەلگەن تىرناقچىلىقئالىسى يوق، ئاپئاق تۇلپارنى ئەكەلدى. خان كارۋان بېشىغا يۇرۇشنى تىزلىشىپ، قونالغۇغا بالدۇرراق يېتىپ بېرىشىنى جېكىلىدى ـ دە، بىر نەچچەيلەننى ئۆزى بىلەن مېڭىشىنى بۇيرۇپ، ئاتقاقىران يىگىتلەردەك سەكرەپلا مىنىپ، قامچا سالدى.

ـ چۇھجانىۋار، چۇھ...

كۈن غەربكە قىيشغاندا، ئابدۇللا خاننى قارشى ئېلىشقا چىققا نلارنىڭقارىسى كۆرۈندى.

ـ ئەنەئەبە يدۇللا سۇلتان، مىرزا با باقبەگ ئەمىر، خۇدا بەردى ھاكىمبەگلەر ئا لدىلىردىغا ئىستىقبالغاچىقىپتۇ، ـ دېدى خوتەندىن يولغا چىققاندىن بىرى ئابدۇللا خانغا ھەمراھ بولۇپ يول باشلاپ كىتىۋاتقان ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ ئۇستازى بىردىنلا روھلىنىپ، ئالدىمىزدىكى ئۆتەڭ سۇلتانئابدۇرىشت خان ئۆزىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى ئەبۇ سەئىدى مىرزىغا ۋەخپە قىلىپ بەرگەن زېمىن ـ لايىسۇ ئۆتىڭى... ئا بدۇللاخان ئا لدى تەرەپكە قار ىدى. دېگە ندەك كۆز يېتىم يەردە

ئىستىقبالغاچىققانلار رەت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلىشاتتى خان ئۇلارغا يېقىنلىشىپ ئاتتىن چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا چىققانلار تەرەپتىن كۈچلۈك غوۋغا كۆتۈرۈلدى،

- ئامان... ئامان.... ئامان... ئەنھەزرىتىم قاقانۇخاقان، سۇلتان ئابدۇللا خان ئالىيلىرىنىڭ تېنى ئامان دۆلىتى زىيادە بولغاي... خان ئەمىرلەرۋە لەشكەرلەرنىڭ ھۇگا-سۈرەنلىرى ئاڭلاپ، خوش تەبەسسۇم بىلەن ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەچ، سالماق قەدەملەر بىلەن دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، تېخى ئەمدىلا ئون تۆتياشنىڭ قارىسىنى ئالغانلىقىغا قارىماي ئادەمگە قاۋۇل، بوي تارتىقاندەك كۆرۈنىدىغاننەۋرىسى ئەبەيدۇللا سۇلتاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بالىلىق چېغىدىكى شوخ، ئوماق، ئادەمنىڭ مەسىلىگىنى كەلتۈرىدىغان گەپ-سۆز، ھەرىكەتلىرى بىردىنلا يادىغا يەتتى-دە، ئامراقلىقى كەلگەندەك ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە نەۋرىسى ئەمەس، بىر يۇرتنىڭتۇۋرىكى-نائىپ خان ئىكەنلىكىنى دەررۇ ئېسىگە ئېلىپ ۋولقاندەك پارتلاپ چىققان ھېسسىياتىنىئاران تەسلىكتە بېسىۋالدى. بېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا ئەقىل-ئىدىراككا ئىگە ئەبەيدۇللا سۇلتانبوۋىسىنىڭ خىياللىرىنى بىلىۋالغاندەك مەنىلىك نەزىردە تىكىلدى-دە، بىردىنلا ئوردا يۇسۇنبويىچە سالام قىلدى‌پسەئىدىيەخانلىقىنىڭ پاسىبانى، ئادالەتپاناھ شاھ ئابدۇللا خان ئالىيلىرى ئامان بولغاي... ئابدۇللاخان نەۋرىسىگە مەسلىگى كەلگەندەك، بېشىنى مۇلايىملىق بىلەن لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، مىرزا باباقبەگ، خۇدابەردى ھاكىمبەگلەر تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ سالاملىرىنى ئىلىكئېلىپ، تېگىشلىك ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، تېخى ھېلىغىچە ھۇگا-سۈرەن سېلىپ تۇرغانلەشكەرلەرگە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى يېنىك ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

- هارمىغايلا جانابى شاھىم، - دېدى مىرزا باباقبەگبىردىنلا توپ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئابدۇللاخانغا يېقىنلىشىپ، - يول ئۇزۇن، مۇشەققەتلىك. ئۆزلىرىگە بىرەر مالاللىق يەتمىگەندۇ. ؟

- يۇقسۇ، سەپەر ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ھەر قايسىلىرىنى كۆرۈشكە، دىدارلىششقا ئالدىراپ، كېچە-كۈندۈزلەپ يول يۈردۇق. - ئەنھەزرىتىمنى بىۋاقىت چاغدا مالال قىلىپ، مەكتۇپ يېزىپتىمەن، - مىرزا باباقبەگ خاندىن كەچۈرۈم سورىغاندەك بېشىنى ئەگدى، - ئەسلى مۇددىئا بۇيىچە ياۋبىلەن بىرەر قەپەس ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ئاندىن... - زىنھار ئۇنداقئويلىمىغايلا، ئەسلى ئۆزۈمنىڭمۇ بۇ تەرەپلەرگە سەپەر قىلىش خىياللىرىم بار ئىدى، ۋاقتى-سائىتىكىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، مەكتۇپلىرىنى ئېلىپلا يولغا چىقتىم.

- قېنى ئۆزلىرىنىڭ چېدىرلىرىغا مەرھەمەت قىلغايلا، - مىرزا باباقبەگ يىراقتىن ئوغ ئەمىرلەرنىڭ لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى روشەن كۆرگىلى بولىدىغانكىچىككىنە بىر تۆپىلىكنى ئىشارە قىلدى، - بىر دەم ئارام ئېلىۋالغايلا. خان ئەتراپىدىكى ئەمىرلەرگە خوش تەبەسسۇم قىلغاندىن كېيىن مىرزا باباقبەگ، ئەبەيدۇللا سۇلتان، خۇدابەردى ھاكىمبەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئودۇل خان ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان شاھانە چېدىرغا قاراپ ماڭدى-دە، ئۇلار باشقا چېدىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئەتراپىغاھەرخىل رەڭلەردىكى تۇغ ئەلەملەر قادالغان چېدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى.

- مەرھەمەت قىلسىلا، ئەنھەزرىتىم. - دېدى ئەبەيدۇللاسۇلتان چاققانلىق بىلەن چېدىرنىڭ ئىشىكى ئورنىدا بېكىتىلگەن كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىنىقايرىپ، - ئالدىراشلىقتا ياخشىراق تەييارلىق قىلالمىدۇ، ئەيىبكە بۇيرىمىغا-يلا.....

خان نەۋكەرلىرىگە قاراپ، كۆلۈپ قويغاندىن كېيىن، تېگىگە رەڭدار گۈللىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان، ئوتقاچتەك گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىگەكىلىپ ئولتۇردى-دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى. - ئامىن... بۇنى كۆرۈپ خانغا سۆڭدىشىپلا چېدىر ئىچىگە كىرگەنلەرمۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. دۇئادىن كېيىن ئابدۇللاخان ھەممەيلەنگە تەكشىقاراپ چىققاندىن، يەنە قايتىدىن تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتى، شۇ ئەسنادا بىردەمدىلا خاننىڭ ئالدىغا داستۇرخان سېلىندى-دە، پۈتۈن پىشۇرۇلغان ئوغلاق كاۋىپى، قازان شۇرپىسى، دۆڭئۈستىگە قالانغان ئوتقا كۆمۈلگەن سوختا كۆمەچ ۋە قوغۇن-تاۋۇز. ئالما، نەشپۈتلەر تىزىۋېتىلدى.

- قىنى ئالسىلا ئەنھەزرىتىم، « يول ئازابى-گۆر ئاۋازى» دەپتىكەن، لايسۇلۇقلار بىر ئۆمۈر ئېچىپ، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ئۆمۈر كۆرىدىغان ئەركەكسۇدا قاينىغان چايدىن تېشىپ كۆرگەيلا، - دىدېمىرزا باباقبەگ خانغا چاينى ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ، بۇيەردىكى ئادەملەرنىڭ ئونىنىڭ توققۇزى يۈز ياشتىن ئېشىپ كۆرىدىگەن. يەرلىك رەئىيەتتىن سۈرىسام، «بۇ بىزنىڭ مۇشۇ سۈيىمىزنىڭ خاسىيىتى ئەلمىساقتىن بۇيانئاتا-بوۋىلىرىمىز مۇشۇ سۈنى ئېچىپ كەپتىكەن، بىزمۇ ئېچىۋاتىمىز، خاسىيەتلىك سۇ بۇ!» دېيىشتى.

- ئۇنداقتا مۇكاسۈيى ئىكەندە ؟، «بۇرۇن :مۇكا سۈيى ئىچكەن ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ» دەپ ئاڭلىۋىدىم،

- ئەلھەق شۇنداقكەن ئالىيلىرى، كىشىلەرنىڭ دىيىشىچەلايسۇ ئېقىننىڭ بېشىدا كۆز يەتكۈسىز توغراقلىق بارمىش، بۇ سۇ ئا شۇ توغراقلارنىڭ يىلتىزىدىنسىزىپ چىققان سۇلارنىڭ جوغلىنىشىدىن ھاسىل بۇلارمىش.

- ئىسمىغا قارىسىغۇ، ئېرىقتا ئاقىدىغىنى سۇ ئەمەس، لاي ئىكەن بولمىسىلا ؟. - دېدى خان ئاللىقانداق بىر خىل قىزىقىش بىلەن.

ـ هۆددەس ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، يۇرتىنىڭ ئىسمى لايسۇ بولغىنى بىلەن ئېرىقتا ئاقىدىغىنى بولاق سۇلىرىدەك تاتلىق، سۈزۈك سۇ ئىكەن.

دەل شۇ چاغدا چېدىر ئالدىدا ھۆدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ قەشقەرنىڭ نائىپ ئەمىرى شاھزادە يولۋاسخان جانابلىرى كەلدى. ئابدۇللا خان بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. ئۇ يەكەندىن يولغا چىققان كۈنىنىڭ ھارپىسى قەشقەرگە چاپارمەن ماڭدۇرغان ئىدى. ئۆزىمۇ بۇ ياقتىكى ئىشلاردىن تازا خاتىرجەم بولالماي، يولنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن خېلىلا تىز ماڭغان بولسىمۇ، بىراق شاھزادىنىڭ بۇنچە تىز يېتىپكېلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ھەيرانلىقتا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئەمما شىقلارنىڭ خىيالىنى سىزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرگەندەك چىرايىغا تىزلا كۈلكە يۈگۈرتتى. باشقىلار دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، چېدىر سىرتىغا چىقىشقا تەمشەلدى. بىراق شۇنىڭغىچىلىكيولۋاسخان چېدىر ئىچىگە كىرىپ، تۆردە ئولتۇرغان ئابدۇللاخانغا ئوردا يوسۇنى بويىچە سالام بەجا كەلتۈردى. خانمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا تېگىشلىك سالام قايتۇرغاندىن كېيىن ئوڭ تەرىپىنكۆرسەتتى.

ـ قېنى بۇياققا، شاھزادەم... يولۋاسخان قىلچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا، ئابدۇللاخان كۆر سەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى بۇنى كۆرگەن خان «ئاز ـ تولا بولسىمۇ، ھۆرمەت دېگەننى بىلسەڭچۇ !، ھېچبولمىسا تۈزۈت قىلىشنىمۇ بىلمىگەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ. تېخىچە ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا قول باغلاپ تۇرغان ئەبەيدۇللاسۇلتانغىمۇ سول تەرىپىدىن ئورۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن سورىدى.

ـ ـ ناھايىتى تىز يېتىپ كەپسىز شاھزادەم ؟ ـ خاننىڭ ئەمىرنى كېچىكتۈرۈشكە نېمە ھەددىم؟، ئۇنىڭ ئۇ ستىگە پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى لە شكىرىجا ساقنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقى ئۆزلىرىگە ئايىيانغۇ پەدەرى بۇزرۇك. ـ دېدى يولۋاسخانمىرزا باباقبەگ سۇنغان چاينى ئېلىۋېتىپ

- ، ئوغۇللىرىغا خانلىق يارلىقنى ئېلىپ بارغان پەرمەنچىبەگ ئۆزلىرىنىڭمۇ يولغا چىققانلىقلىرىنى ئېيتتى. شۇڭا يارلىقنى تاپشۇرۇلغانكۈنىلا يولغا چىقتىم. ئابدۇللاخان ئوغلىغا كۆزىنىڭ قويرىقىدا قاراپ، بېشىنى لىڭشىتىپقويدىيۇ، يەنە نېمىدىندۇر تەشۋىشلەنگەندەك سورىدى. - ئۇ تەرەپتىكى ئىشلار قانداقراقنايىپ خان؟، يولۋاسخان ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلغان «نايىپ خان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپىنىمىشقىدۇر دادىسىغا ناھايىتى تېزلىكتە قارىدىيۇ، ئەمما زادى قايسى ئىشنى سورىدىغانلىقىنى دەررۇ ئېسىگە ئالالمىدى،

- قايسى ئىشنى دەيلىكىن ئەنھەزىرىتىم ؟ - سورىدىئو پەس ئاۋازدا.

- خانلىقنىڭ، ئەل رەئىيەتىنىڭ ئىشلىرى...

- نور مال، ئاۋۋال ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ شا پائىتى. ئۇ ندىن قالسا، ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتىمىزنىڭ سايىسى ۋە ھىمايىسىدە ھەممە ئىشلار نورمال. گەپنىڭ بارغانسېرى شاخلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆلگۈرگەن مىرزا باباقبەگ ئالدىراپئېغىز ئاچتى. - قىنى،« ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام» دەپتىكەن غىزاغا ئېغىز تىگەيلى ئابدۇللاخان ئالدىدىكى كېسىپ، پارچىلاپ قۇيۇلغان كۆمەچكە قول سوزدى. بۇنى كۆرۈپ يولۋاسخانمۇ، ئەبەيدۇللاسۇلتانمۇ غىزالىنىشقا باشلىدى.

داستۇرخان يىغىلىپ، دۇئا قىلىنغاندىن كىيىن. سەپەرجەريانىدا خېلىلا ئوبدانلا چارچىغان ئابدۇللاخان كۆرپە ئۈستىدىكى ماموق ياستۇققا يۆلەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سوزۇلۇپ يېتىپ، ئارام ئالغۇسى بولسىمۇ، ئەمما باياتىن بىرى سوراشقائىمكان بولمىغان گەپلەر يادىغا يېتىش بىلەنلا، سەل ئۆرە بولدى- ، دە مىرزا باباقبەگكەقارىدى.

- ياۋنىڭ ئەھۋالى قانداق جانابلىرى؟ ئول مەلئۇنلارھازىرمۇ پاراكەند- بىچىلىك سىلىۋاتامدۇ ؟

ـ مەن لايىسىۇ ئۆتىڭىگە كەلگەندىن بۇيان ياۋ بىلەن رەسىمىي ئۆتۈشۈپ باقمىدۇق. ئۇلار ئاشىكاراھەركەت قىلمايۋاتىدۇ. بەزىدە يېزا ـ قىشلاقلارغا ھۇجۇم قىلدىيۇ، ئەمما يەنە تېزلا غايىپبولىدۇ. قارىغاندا ئۇلارنىڭ بىز بىلەن رەسمى ھالدا ئورۇش قىلىش مۇددىئاسى يوق ئوخشايدۇ. ـ ئۇنداقتا بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن باستۇرۇپ قىلىپ كەلگەندۇ. ئۇلار ؟ ـ سورىدى خان ھەيرانبولۇپ، ـ شۇنچە مۇساپىنى بېسىپ كەپتۇيۇ، ئەمما ئۆزىنى كۆرسەتمىگىنى قىزىق..

ـ . بىزمۇ شۇنىڭغا ھەيران ئەنھەزىتىتىم، ئەبەيدۇللا سۇلتان، خۇدابەردى ھاكىمبەگلەر بىلەن نەچچە مەرتەم «يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش» ئۇچۇنھەركەت قىلدىقيۇ، ئەمما قۇۋ تۈلكىنى بۇرنىدىن ئىلىندۇرەلمىدى. يالاڭ بىز لەشكەر تارتقانۋاقتتا، ياۋ قىشلىق تۇنەككە كىرگەن كىرپىكدەك ئۆگىلىۋالدى. بىز ئۇلارنى تاپالماي لەشكەرگاھقا قايتىپ كەلگەندە، بىز ماڭدۇرغان ئاياغاقچىلار ئۇلارنىڭ بولاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقخەۋىرى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا نەچچە كۈندىن بۇيان بىزمۇ جىم بولىۋېلىپ، كۆپلەپ ئاياغاقچى ماڭدۇرۇپ «تىل» تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدۇق ئۆزلىرىنىڭ بۇ دىيارغا ئاياقلىرى يارا شقان ئوخشايدۇ، بايام ئۆزلىرىنىڭ قاراقىردىن ئۆتكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، بىز ماڭدۇرغان ئايغاقچىلار مۇ قايتىپ كەلگەن. ئۇلار ئىككى قالماقنى تۇتۇپ كەپتۇ، بىستىقبالغاچىقىشقا ئالدىراپ، تېخى ئۇلارنى سوراق قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدۇق. ـ ھازىر قەيەردە ئۇلار؟ ـ سورىدى ئابدۇللاخان مىرزا باباقبەگنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ، سەلئۆرە بولۇپ ـ سىرتتا نەچچە ئون لەشكەرنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەنھەزىرىتىم ـ قىنى، ئۇلارنى بۇ يەرگە كەلتۇرىسىلە، ياۋنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ باقايلى، دېدى خان ئالدىراپ. ئۇلار ئېغىز ئىچىپلا قالسا، ياغىنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولالايمىز. مىرزا باباقبەگ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ئىشىك تۈۋىدىكى نەۋكەرلەرگە بايام تۇتۇۋالغان ئىككىيلەننى بار گاھىئالىيغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرىدى. ھايالشىمايلا چەمبەرچاس باغلانغا ئىككى قالماق قۇراللانغان لەشكەرلەرنىڭ مۇھاسىرىدە چېدىر ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

خان بېشىغا كىچىك باللاردەك كۆكۈلا چاچ قويۇلۇۋالغان-غۇلۇسقىنەكەلگەن، غەلىتە كىيىنگەن ئىككى تۇتقۇنغا باشتىن-ئاياغ ئالدىرىماي قاراپ، چىققاندىنكىيىن سۇرىدى.

-ئىسىمىڭلارنىمە؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟ ئىككىتۇتقۇن چېدىر ئىچىپ-يكىلەرگە مۇنداقلا قاراپ قويغاندىنكىيىن، ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگە-ندەك بىغەم ھالەتتە تۇردى.

- ئېھتىمال بۇلار خان ئالىيلىرىنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى،-دېدى يولۋاسخان ئۇلارنىڭ ئۇزايىغا قاراپ-بۇ خەخنىڭ تىلنى بىلىدىغان تىلماچ بولسا ئوبدانبۇلاتتىكەن. ئادالەتپاناھ شاھىمىز سۇلتان ئابدۇللاخان ئالىيلىرى سەنلەردىن گەپ سوراۋاتىدۇ،- دېدى مىراز باباقبەگ تۇتقۇنلارغا مىختەك تىكىلىپ-ئەنھەزرىتىمنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىش، بولمىسا كاللاڭنى ھازىرلا ئالىمەن. بۇ گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ چىرايى بىردىنلا ئاقاردى، بۇنى كۆرۈپ مىراز باباقبەگ يەنە گەپ قىلدى.

- بۇلار بىزنىڭ زۇۋانىمىزنى بىلمەي قالمايدۇ. ئۇ ياقلاردىمۇ بىزنىڭ زۇۋانىمىزنى بىلىدىغانلار ۋە بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلىشىدىغانلارمۇكۆپ تۇرسا... گەپ قىلماي تۇرۇۋالساق بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ چۈچىرنى خام ساناشما. سەنلەردەك ئۇستاتلىق قىلغانلارنى كۆپ كۆرگەنمەن. ئىززىتىڭنى قىلغاندا، يەنە زۇۋان سۈرۈشمىسەڭ، ئاچچىقىم كېلىپ قالسا، مۇشۇ يەردىلا قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلايمەن.

مىراز باباقبەگ راستتىنلا دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىساكۆڭلى ئەمىن تاپمايدىغاندەك بىلىدىكى تاسمىغا ئۆتكۈزۋالغان، تىزىدا پۇلاڭلاپ تۇرىدىغانكۆن غىلاپتىن كالتە ساپلىق قىلچىنى سۇغاردى. تۇتقۇنلار ئۇنىڭ سۆزىنى راست دەپ ئويلاپقالدىمۇ قانداق چىرايى بايامقىدىنمۇ بەتەر بولۇپ كەتتى. مەن دەي، مەن دەي ،. .

- كۆزى يۇغانراق، پېشانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تىرناقتەكچوڭلۇقتىكى تاتۇغى كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان تۇتقۇن تىترەڭگۈ ئاۋازدا چېلىپراقسۆزلىدى. - قېنى سوراڭلار، نېمىنى

ســـــوربىســــــاڭلار، مەن ھەممىگە جاۋاب بېرەي. تۇتقۇنلارنىڭئېغىز ئاچقىنىنى كۆرۈپ، مىرزا باباقبەگنىڭ چىرايىدا سـۈس كۈلكە پارلىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئابدۇللا خانمۇ «يارايســـز ئەمىر جانابلىرى، بۇلارنى ناھايىتى تېزلا ئەيۋەشكە كەلتۈردىڭىز، بۇ ھۈنىرىڭىز كارغا كېلىپ قالدى جۇمۇ... » دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىنبايىقى سۆزنى يەنە تەكرارلىدى.

- بىز جۇڭغار قالماقلىرىدىن، باتۇر قونتاجىنىڭئوغلى سىڭگىنىڭ لەشكەرلىرى.

- ئۇنداقتا سىلەر غالدانىنىڭ جەمەتىدىن ئەمەسما؟- سورىدى خان كۆڭلىدىكى تۈگۈنچىنى يوشۇرالماي.

- ماڭا سىز بەرسەڭلار، بەك ئۇسساپ كەتتىم. ، - دىدىبېلىقى سۆزلىگەن تۇتقۇن، - مەن ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ سۇ ئىچىۋېلىپ سۆزلىسەم

- مانا ساڭا سۇ... ، - مىرزا باباقبەگ قولىدىكى قىلىچنى تۇتقۇننىڭ بوينىغا تەڭلىدى،

- ئەنھەزرىتىم گەپ قىلىۋاتسا، شەرت قويغىنىڭنى قارا. - بولدى، مىرزا باباقبەگجانابلىرى چېچىلمىسىلا، - ئابدۇللاخان ئۇنىڭغا قارايقۇلىنى لىڭشىتتى.

- قايسىڭلار بار، سۇ ئەكىرىڭلار؟

شـۇئان بىر لەشـكەر بىر يۇغانبىر ھىجىردا لىققىدە سـۇ كۆتۈرۈپ كىردى- دە، ھىجىرنى پۇت- قۇللىرىنى بـاغلانغـان چىرىكنىڭلىۋىگە تەگكۈزدى، چىرىـك سـۇنى ئـالـدىرىمـاي ئىچىـپ تۈگەتكەندىن كېيىن، چوڭ بىر ئىشـــنى ۋۇجۇتقاچىقىرىپ، بارلىق غەم- غۇســـــلاردىن ئازاد بولغاندەك، يېنىك تىن ئالغاندىن كېيىن سۆزلەشكەباشلىدى. - جانابلىرىسۇرىغان غالدامە بىز بىلەن بىر قۇۋمىدىن ئەمەس. قەبىلىمىزدىكى ئۇقۇمۇ شلۇق كىشىلەرنىڭ دىيىشىچە بىز ئويرات مۇڭغۇلىرىدىن بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىدىكىتۇغلۇق تۆمۈرخان ئىلبالىقتا پۈتكۈل موڭغۇل

ئۇلۇسىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغاندىن كېيىن، چاغاتايخان ئەۋلادلىرى ھامىيلىقتىكى موغۇل خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، بىراق ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي، قۇمۇل، تۇرپان ئەتراپىدا قالغان ئويرات موغۇللىرى ئۆز ئېتىقادىدا قالدى. شۇڭا بىزنى ئۆز ئېتىقادىدا قالغانلاردېگەن مەنىدە «قالماق» دەپ ئاتىشىدۇ. بىزنىڭ ئەجدادىمىز كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا زور كۆلەملىك كۆچۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، كېيىن جوڭغار نامى بىلەن باغلانغان ئىكەنمىز. مەن توغۇلغان يىللارداقەبىلە باشلىقى قارا قۇللا ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭئورنىغا ئوغلى قۇنتەيجى تەختكە چىقتى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇمۇ قازا قىلىپ كېتىپ، باتۇر فۇنتەيچىنىڭ بەشىجى ئوغلى سىڭگى دادىسىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى. سىڭگىنىڭ غالدان ئىسىملىك بىر ئىنىسى بار. ئەممائۇ سىلى دېگەن غالدامە ئەمەس.

- ئۇنداقتا غالدامە راستىنلا سىلەر بىلەن بىر ئەمەسما؟

- شۇنداق ئالىيلىرى، غالدامە خو شۇت قەبىلىنىڭ با شلىقى...- ئۇنداقتا سىلەر بۇ تەرەپكە نېمە مەقسەتتە كەلدىڭلار؟

- بىز بۇ تەرەپكە يولغا چىقىشتىن خېلى بۇرۇن غالدامەنىڭئاقسۇ، قەشقەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، جەڭدە ئېغىر تالاپەت تارتىپ، ئاخىرى سۇلھى قىلغانلىقىدىنخەۋەر تاپتۇق، سىڭگىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئاڭلىغان، ئىشەنچى-لىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. «غالدامە بىز موغۇللارنىڭ يۈزىمىزنى تۆكتى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز قانداقمۇ چوڭراق ئىش تەۋرىتەلەيمىز. مەن بۇ داغنىچۇقۇم يۇيىمەن،» دەپ خېلى چىچاڭشىپ كەتكەنمىش ۋە بۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئارنۇمۇسىنى يۇيۇشقا قەسەم ئىچكەنمىش.

- سىڭگى قانچىلىك لەشكەر بىلەن كەلدى ؟. - سۈرىدىيولۋاسخان تۇتقۇندىن

- بەش مىڭ ئاتلىق چېرىك بىلەن.

ئۇزۇق ـ تۈلۈكۈڭلەر چۇ؟ بىر ـ ئىككى ئايغا يېتەمدۇ ؟... باياتىن بىرى سۆزلەۋاتقان تۇتقۇن شىرىكىگەدەيمۇ قانداق دېگەندەك قارىدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېپاددىسىز تۇرغانلىقىنى، مىرزا باباقبەگنىڭخېلىھەم قىلىچىنى چىڭ قامالاپ تۇرۇۋاتقان كۆرۈپ، نائىلاج قالغاندەك سەلگىنە تۇرىۋالغاندىنكىيىن ئېغىز ئاچتى.

- يول ئۇزۇن بولغاچقا، كۆپ تەييارلىق بىلەن يولغاچىقمىغان. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئالغان ئولجىلار ئون ـ ئونبەش كۈنگە يېتەرمىكىن. ئابدۇللا خانبۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، نېمىشقىدۇر خاۋاتسىزلەنگەندەك قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ قويۇپ، خىيالسۈرگەندەك بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كىيىن قولىنى لىڭشىتتى.

- ئېلىپچىقىپ كېتىپ، ئوبدان قاراڭلار... لەشكەرلەر تۇتقۇنلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كىيىن، باياتىندىن بىرى بولۇۋاتقان پاراڭلارغا ئارلاشماي ئولتۇرغان ئەبەيدۇللا سۇلتان ئالدىراپسورىدى. .

- ئەمدىقانداق قىلساق بولار، ئەنھەزرىتىم؟ ياغى بىزدىن كۆپ ئىكەن. مۇنداقلا ئېلىشساق ئۇلارغاتەڭ كېلەلمەيمىز.

- بولدى. بۇ ئىشلاردىن تولا خاۋاتسىزلەنمەڭ، ـ دېدى ئابدۇللاخان نەۋرىسىنىلا تىزىغا بوشقىنە شاپالاقلاپقويۇپ، ـ ۋاقتى كەلگەندە، ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ. ماڭا سەپەر ھاردۇقى يەتكەن ئوخشايدۇ. ھازىرچە ئارام ئالايلى. بۇ ئىشلارنى ئەتە كېڭەش قىلغانىمىز. بۇ گەپ بىلەن تەڭلا يۇلۋاسخاندادىسىغا قارىدىيۇ، يول بويى ئويلاپ كۆڭۈل تۈگچىگە تۈگكەن گەپلەرنى ئۇنىڭغا دىگەنتە قىدىردىمۇ بۈگۈن ئۈز كۆڭلىدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغايئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئەبەيدۇللا سۇلتانمۇ سۇڭداشتى.

ـ ئوبدان ئارام ئالسىلا، ئەنھەزرىتىم، بىز چىقايلى. يولۋا سخان شۇ گەپلەرنى دېگەچ،« ئۇ مېنى سەن قال، قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايانقىل» دەپ قالارمۇ دېگەندەك تەمە بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ چىرايىغا ئۈمىد بىلەن قارىدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇغىنىنى كۆرۈپ، نائىلاج بارگاھى ئالىيدىن ئوغلىنىئەگەشتۈرۈرگىنچە چىقىپ كەتتى.

شەرق تەرەپ بېلىق قا سىرىقىدەك ئاقىرىشقا با شلىغاندا ئورنىدىن تۇرغان ئابدۇللاخان بارگاھى ئالىينىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قومۇشلۇقتا خېلى ئۇزۇنتۇردى. سەلكىن شامال ئەمدىلا بۈيۈك چىقىرىشقا باشلىغان قومۇشلارنى يېنىك تەۋرىتەتتى. سەھەرنىڭ ئىللىق شاملى خاننىڭ، ئۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە قەدەم نېرىسىدا ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان نۆكەرلەر ـ نىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ بىر خىل سالقىنلىق بەخش ئېتىپ تېنىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يىراقتىن ـ قومۇشلۇقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن قۇشلارنىڭسايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بارگاھ تەرىپىدىن كۆتۈرگەن كوكۇس ئىس سەلكىن شامالداخۇددى يىلاندەك تولغىنىپ، زەررىچە بۇلۇت يوق ئا سمانغا كۆتۈرىلەتتى. خان كۆز يەتكۈدەك يىراقلىقتىكى كۆچۈم مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئاللىنىملەرنى خىيال قىلغا ندەك، بېشىنى ئېغىتىپقويۇپ، كەينىگە بۇرۇلدىيۇ، ئەمما ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان مىرزا باباقبەگنى كۆرۈپ........ شۇنىڭغىچىلىك ئىككى نۆكەرنىڭ ھىمايىسىدە خان تەرەپكە كېلىۋاتقان مىرزا باباقبەگمۇ قەدىمىنى ئىلداملىتىپ، خاننىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، تەئەززۇ بىلەن ئىگىلدى.

ـ مەرھابا ئەنھەزرىتىم، تىنىچ ئامان قوپۇپلىمۇ؟، سەپەر ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەكمۇ؟

- يامان ئەمەس، مىرزا باباقبەگ جانابلىرى، ھەر ھالدىياخشى. كىچىدىن لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپتىمەن. تاس قاپتىمەن دېسىلە تېخى، با مداتنى قازاقلىغلى. ھېلىمۇ چۈش كۆرۈپ، ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مانا ماۋۇ ھاۋاسى ساپ، سەھىرى تولىمۇ جىمجىت يەرنى كۆڭلۇم خالاپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ خېلى ئايلاندىم. قارىسامبۇ يەر بىز بىرنەچچە يىل ئىلگىرى سەپەر قىلغان موڭغۇل، قىپچاق دالالىرىغا ئانچە ئوخشاپكەتمەيدىكەن.

- ئارى، تولىمۇ بەلەن گەپقىلدىلا ئادالەتپاناھىم، بۇ يەرنىڭ ھەممىلا نېمىنى - يېرى، تۇپرىقى، دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈكلىرى، ھەتتا ئادەملەرمۇ باشقا جايلاردىكىگە تەمەت ئوخشىمايدىكەن. بولۇپمۇ ئادەملىرى كىچىكپېئىل، خوشچىراي، مېھماندوس، چاي خۇمار بولۇپ، بىراۋ بىلەن تونۇشمىسۇن. بىرلا قېتىم كۆرۈشكەن كۆرگەن ئادەمنى ئۆيىگە باشلاپ، مېھمان قىلمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدىكەن.

- ئوھۇي، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالغان ئوخشاملا ئەمىرىم، - دېدى ئابدۇللاخان كۈلۈپ، - تونۇگۈنمۇبۇ ھەقتە زوخ - شوخ بىلەن سۆزلىدىلە. مانا ئەمدى بۇگۈنمۇ يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇۋاتىمەن. قارىغاندا بۇ يەرگە كۆڭۈللىرى چۈشۈپ قالدىمۇ قانداق؟

- يۇقسۇ، ھۆددەس ئۇنداق ئەمەس، بۇ دېگەن سۇلتان ئابدۇرىشت خاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ۋەخپە يىرى ئەنھەزىرىتىم، ئۇش بۇ خانزادەمنىڭرىسىق نىسۋىسىگە كۆز قىزارتىشقا بېشىم ئون ئەمەس ھەم پېقىرنىڭ ئۇنداق خىياللارنى قىلىشتېئىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئالىمادىس شۇنداق ئويلاردا بۇلۇپ قالسامۇ، نىزا، خۇسىمەت ئىرىقلىرىدائۇلۇپ قالسامۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرايدىغىنىم ئەنھەزىرىتىمگىمۇ ئاياقتىكى ئاشتەك ئايان...

- ئوھو، جەڭگاھلاردا ياۋنىڭ ھۆڭا- سۈرەنلىرىدىن، قىلىچ- نەيزىلەرنىڭجاننى ئالىدىغان ھۇجۇملىرىدىن قورقماي ئولجىغا ئۆزىنى ئاتقان يولۋاستەك ئېتىلىپلا تۇرىدىغانشىر سۈپەت ئەمىرنىڭ نىزا- خۇسۇمەتتىن جاللاتنىڭ ئالدىدىكى بېشى ئېلىنىش ئالدىدا تۇرغانگۇناھكار تۇتقاندەك قورققىنى قىزىق.

- ئىككىسى ئىككى ئىش ئالىيلىرى. جەڭگاھتا يا ئۆلۈميا كۆرۈم پېشانە تەقدىر سەۋەبىدىن ئەقىل- پاراسەت. كۈچ- قۇۋۋەت بولسىلا نۇسرەت قازانغىلىبولىدۇ. بولمىسا رەقىبىنىڭ قولىدا جان تەسەددۇق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. ئەمما نىزائۆچەكىشىشتە بولسا، يا جان چىقمىغان، يا كۆڭۈل ئارامىدا بولمىغان، يوشۇرۇن پوت تېپىشىشلەر، غەيرەتخورلۇق، ئوششاق سۆزلۈك سەۋەبىدىن ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچ باغرىنى ئۆزى تىتىپ يەپ، كۈندۈزدىكى غىزا، كېچىدىكى ئۇيقىنى تەرك ئەتكەن. شۇڭا ئالدىنقىسىنىڭ زەربىسىدىن كېيىنكىسىنىڭدەردى بالاسى كۆپتۇر...

- بەرھەق، ئەلھۆكمۇللا توغرا گەپ... ، مەن ئۆزلىرىنى قانداق دەيدىكىن دەپ سىناپ باققان مىرزا باباقبەگ جانابلىرى. بولدى، كۆڭۈللىرىگە ئېلىپ كەتمىسىلە. بۇنى چاقچاق دەپ چۈشەنسىلە، چاقچاق...

ئابدۇللاخاننىڭ بۇ سۆزى بىلەن كۆڭلىدىكى گۇمانلىرىتارقاپ سەل يېنىكلەپ قالغان مىرزا باباقبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ خانغا دېدىللىق بىلەن تىكىلدى.

- ئاخشامقى تۇتقۇنلار قانداقراق؟. - سورىدى خانئۇشتۇمتۇت، - ئۇلار ئامان ئىسەندۇ ؟

- ئامان ئېسەن، ئەنھەزرىتىم تېخى بايىلا ئۆز كۆزۈمبىلەن كۆردۈم. لەشكەرنىڭ ھىمايىسىدە ھېلىھەم ھايات. - تولىمۇ بەلەن ئىش بوپتۇ، سىلىنىڭچەئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق

بۇلار ؟،خان مىراز باباقبەگمۇئە سلى مۇ شۇ دىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللا خاننىئىزدەپ، بار گاھى ئالىيغا بارغاندا، قۇرۇقچى نۆكەرلەردىن ئۇنىڭ ئالاگاكۇمدا چىغىر يول بۇيلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپتاپ بېسىپ مۇشۇ قومۇشلۇق دۆڭگە ئىزدەپ كەلگەن ئىدى. مانا ئەمدى خاننىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن چىقىپ ئېغىز ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ، تىزلا جاۋاب بەردى،

- ئەنھەزرىتىمنىڭ باشقا مۇددىئاسى بولمىسا قويۇۋەتسەكبۇلارمىكىن !- بۇ گەپ بىلەن خاننىڭ كۆزى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، - شۇنداقتىمۇ يەنەتىزلا ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ، ئاسماقچىلاپ سورىدى.

- بۇ توغرىسىدىكى خىياللىرى نېمىكىن؟

- ئىككى تۇتقۇن بۇ يەرگە مەجبۇرى كەلگەن ئالىيلىرى. ئۇلارنىڭمۇ ئىختىيارىچە بولسا، خاتىرجەم ھالدا ئورۇق-تۇغقان، قۇۋمى-قىرىنداشلىرىبىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇسى بار. ئەمما سىڭگى ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. بىراقئۇلار ئويلىمىغان يەردىن بىزگە تۇتۇلدى ھېلىمۇ ئۇلار ھازىرغىچە تىرىك يا شاۋاتقان بىلەنھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن شۇڭا ئۇ ئىككىسىگە قايتا ھاياتلىق بەرسەك، كىيىنكى ئىشلارغاپايدىسى بۇلارمىكىن.

- ئارى، بەلەن گەپ. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ئىدىم. ئىككىمىزنىڭ خىيالى بىر يەردىن چىقتى. بۇ ئىشنى شۇنداق قىلايلى ئەمىسە.... ھە راست. ئۇلارغا ئوبدانىراق گەپ قىلىپ قويۇۋېتىڭ.

- ئەنھەزرىتىم خاتىرجەم بولغاي، بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىدىكىدەكبىجىرىمەن. ئۇلار بۇ ھەقتە يەنە بىردەم سۆزلەشكەندىن كيىن بارگاھى ئالىيغا قايتىپكەلگەندە، يولۋاسخان ئەبەيدۇللا

سۇلتانلا خاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقانئىدى، شۇڭا ئۇلار چېدىر ئىچىگە كىرىشى بىلەنلا بىكاۋۇل بەگ تېزلىكتە داستۇرغان تەييارلاپ ناشتىلىقلارنى تىزىشقا باشلىدى.

- ئەمدى قانداق قىلساق بولار ئەنھەزىرتىم. - سورىدىيولۋاسخان ناشتا قىلىپ، داستىرخان ھۆرمىتىگە قىلىنغان قىسقىلا دۇئادىن كىيىن، ئالدىراپئېغىز ئېچىپ، - ئاخشام خۇدا بەردى بەگ ئەبەيدۇللا سۇلتانلار بىلەن ئېغىر ياتقۇ مەھەللىگىچەياۋغا قارشى جەڭ تەدبىرلىرى ھەققىدە كېڭەشتۇق. گەرچە لايىسۇ خانلىقىمىزنىڭ ۋەخىپە زېمىنى، ساداقەتمەن كىشىلىرىمىز كۆپ، ئۇرۇق - تۇلۇك غەملەشكە شارائىتى ياخشى جاي بولسىمۇ، ئەمماينلا جەڭ قىلىشقا قولايسىز ھەم ياۋ بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئاز بولۇش تەكتەرەپلىرى كۆپ ئىكەن، ئەڭ مۇھىمى كېرىيە تەرەپتە ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپلا قالساق، ئەل رەئىيەتنىڭ چىقىمى بىزنىڭكىدەك كۆپ بولىدىكەن، شۇڭائالدى تەرەپكە يۈرۈش قىلساق قانداق بولار؟

ئابدۇللاخان بۇنىڭغا ئالدىراپ جاۋاب بەرمىدى. - دە، ئوغلى، نەۋرىسى، خۇدا بەردى ھاكىمبەگلەرگە قاراپ قويغاندىن كىيىن «سىزنىڭ قانداقئاقىل مەسلىھەتىڭىز بار مىرزا باباقبەگ جانابلىرى، قېنى سىزمۇ بىر نېمە دەپ بېقىڭ» دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغۇچە ئاللىقانداق بىر ئىشنى خىيال قىلىۋاتقاندەك ئولتۇرغان مىرزا باباقبەگكە تىكىلدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇمۇ سەل تەۋرىنىپ قويدى - دە سەل تەخىرلىكتەقالغاندەك ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

- بۇ تولىمۇ دانا تەدبىر بولدى ئالىيلىرى شاھزادە ئالىلىرىنىڭ تەلىپىنى ئويلىنىپ كۆرگەيلا.

- ئاخشام ياۋنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىڭلار ئۆز قۇلىقىڭلار بىلەن ئاڭلىدىڭلار، ئۇلار بىزەدىن كۆپ، ھەم كۈچلۈك، ھازىر بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىڭ ئادەمسانى ئۇلارنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ

كەلمەيدۇ. شۇڭا دەرھال قوشۇن يۆتكەپ كەلسەك قانداق بۇلار؟دېدى ئابدۇللاخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

- - ئەنھەزىرىتىمگە مەلۇم بولغاي، - مىرزا باباقبەگ ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى، - بىزمۇ ئالىيلىرى كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشنى ئەبەيدۇللا سۇلتان، خۇدابەردىھاكىمبەگ بىلەن كۆپ كېڭەشتۇق. ئاستانىدىن ياكى خوتەندىن لەشكەر يۆتكەپ كەلسەك، لەشكىرى تەمىناتىدىن باشقا بۇنىڭغا خېلى ۋاقىت كەتكۈدەك، بىراق بۇنىڭغا ياۋ پۇرسەت بېرەمدۇ، بەرمەمدۇ ئۇققىلى بولمايدۇ. ئاخىرى يەرلىكتىن قوشۇن تەشكىللەش ھەققىدە پىكىر بىرلىككە كەلدۇق-دە، يۇرتمۇ-يۇرۇت جاكارچى ئەۋەرتتۇق. ھازىر كېرىيەنىڭ لەشكىرى ئىشلارغا پىششىقئۇستا مەرگەنلىرى نۇرغۇن پىدائىيلارنى تەشكىللەپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلارمۇ ئالاھەزەلبىرەر مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ. شۇڭا لەشكىرى ئىشلار مەسىلىسىدىن خاتىرجەم بولغايلا...

- ئوھۇي، شۇنداقمۇ ئىشلار بولدىمۇ تېخى؟سورىدى ئابدۇللا خان ھەيران بولغاندەك سىيەكتىن بىجەن پالۋان. قارلۇقتىن ئىسكەندەر پالۋان، سوقتىياقلىق كۆچەت پالۋان دېگەن ئادەملەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ جەڭۋازلىق ماھارىتى يۇقىرىبۇلۇپ. خېلى مەن-مەندېگەن سالغۇنلارنىڭمۇ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىشىدە گەپ يوق. ئۇلارمۇ بۇ يۇرتتا ئاۋامنىڭ ئىخلاس ئەقىدىسىگە ئېرىشكەن كىشىلەر بولغاچقا، ئۆزىگەچۇشلۇق ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىكەن.

- بەلەن بوپتۇ. ئۇنداقتا بۇ غەمدىنمۇ خالاس بوپتۇق. قېنى ئېتىسلا قارارگاھنى يۆتكىمىسەك بولماسمۇ زادى؟

- يۆتكەيلى، نايىپ خان شاھزادەمىنىڭ تەۋسىيە سى ئورۇنلۇق...-ھەر قايىسىڭلار شۇنداق خىيالدا بۇلساڭلار، بۇگۇنلا ئاتلىنايلى.- دېدى ئابدۇللا خانبۇ گەپنى قوشۇلغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ. ئارىدىن بىرەر ئاشپىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، چېدىر بارىگاھلار يىغىشتۇرۇلۇپ،

قوشـــۇن ئاتلاندى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تۇغچى قوشـــۇندىكىلەشـــكەرلەرنىڭ قولىدىكى تۇغلار ئىزغىرىدىن شــــامالدا تىنماي لەپىلدەيتتى، ئۇنىڭ كەينىدىنئاتلىقلار ماڭغان بولۇپ، ئابدۇللا خانمۇ شـۇلارنىڭ سـپىدە ئىدى، ئۇ هازىر تۇلۇق لەشـكەر ـ لەرچە كىيىۋالغان بولۇپ، سـاۋۇت، دۇبۇلغىسى ئۆتكۈر قۇياش نۇرىسىدا كۆزنى چاقاتتى. خانىنىڭئىككىتەرىپىدە يولۋا سخان بىلەن ئەبەيدۇللا سۇلتان، كەينى تەرىپىدە مىرزا باباقبەگبىلەن خۇدا بەردى هاكىمبەگلەر سۈگدىشىپلا كېتىۋاتاتتى.

قوشـــۇن ئالاهازەل بىر ـ ئىككى كۆز يېتىم ئارىلىقتاســـۈزۈلغان بولۇپ، تولىمۇ هەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇلار شۇ يۈرىشىدە قىغازدىن ئۆتۈپ، قاراسۇ ئارقىلىق هاكىمبەگ مەهكىمىسىگىمۇ چۈشمەستىن، ئودۇل ياغ بۇلاققا ـ قىريا دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشكۈن قىلىشتى.

ـ قالماقلار بىزنىڭ بۇ تەرەپكە كەلگەنلىكىمىزدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تېپىپ ئاچچان تەرەپكە كېتىپتۇ، ـ دېدى ئەهۋال ئوقۇشقىلى كەتكەن لەشكەرلەر هايالشمايلا قايتىپ كېلىپ.

ـ ئۇنداقتا ئەتە ئويتۇغراق تەرەپكە بارساق بولغىدەكئەنهەزىرىتىم، ـ دېدى خۇدا بەردى هاكىمبەگ ئويلانغاندەك قىياپەتتە، ياۋنى شۇ يەردەتۇسقىلى هەم زەربە بەرگىلى بولىدۇ. ـ قوشۇنلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىڭ، ـ ئابدۇللاخان مىرزاباباقبەگكە قاراپ دەرهاللا يارلىق قىلدى. لەشكەرلەر بۈگۈن ئارام ئېلىپ، ئەتە تورغايچۆچىلماستا ئويتوغراققا ئاتلانغاي، ، ، ـ لەببەي، باش ئۇستىگە ئالىيلىرى، پەرماننىهازىرلا يەتكۈزەي...

ئابدۇللاخان ئويتۇغراققا كېلىپ يېس يۇلغۇلدا بارگاھ قۇرۇپ ياتقىلىبىر هەپتىدىن ئاشـــقان بولسىمۇ، قالماقلار ئۆزىنى تۇگۇل، سايىسىنىمۇ كۆرسەتمە ـ يۋاتاتتى. هەر كۈنى سۈبهى يۈرۈش بىلەن تەڭ ئاتلىنىدىغان ئوندىن ئۇچ گۇرۇپپا ئادەم شەرق، جەنۇب، شىمال، تەرەپلەرگە ئەهۋال

ئۇقۇۋشقىلى مېڭىپ، كۆز باغلانغان مەھەللىدە كىلىۋاتىسىمۇ، ھېچقانداق ئوچورغا ئېرىشەلمەيۋاتاتتى.

- خېلى كۈنلەر ئىلگىرى بىز ئۇلارنى كۆرگەن، قالماقلارئۆيىمىزگە ئوت قويۇپ مال-چارۋىلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى.

- مىنىڭ دادامئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن دەپ ئالدىغا ئېتىلىۋىدى. ئۇلار قىلىچ بىلەن چېپىۋەتتى.

- مەن مال باققىلى چىقىپ كەتسەم، ئۇلار مەھەللىگە باستۇرۇپ كىرىپتىكەن. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى تاپالماي يۈرىمەن. ئۇلار ئۆللالەم ئاچچان تەرەپتىمىكىنىشۇ يەردىن نىسبەتكە ئۆتكىلى بولىدىغان يول بارمىش...- ...

ھەركۈنى ھەرخىل خەۋەرلەر كېلەتتى. ئابدۇللاخان بۇ خەۋەرلەرنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىپ، قايسىسىغا ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئوردىدىن ئايرىلغان چاغدا بۇقىتىم چوقۇم ياغىنى تىرە-پىرەن قىلىپ، ئىككىنچى قېتىمبۇ تەرەپلەرگە ئاياغ باسماس قىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. بىراق كېرىيەگە كەلگىلىخېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇلار بىلەن بىرەر مەرتەم جەڭ قىلىش تۇگۇلرۈبىرۇ بولۇپ باققىنى يوق. ئەگەر مۇشۇ نداقلا كېتىدىغان بولسا، ئۆز ئورنىغا كۆز تىكىۋاتقانلارنىڭ ئۇشۇقى ئالچۇ چۇشۇنىشى، پىتخورلارغا دەستەك بولۇپ بېرىشى تۇرغانلا گەپ. ئاشۇ چاغدىمۇمۇھەممەت لىتىپ بەگ «كېرىيەگە قالماقلار ھۇجۇم قىلىپ كەلدى» دەپ خەۋەر ئەۋەرتكەندە، مۇھەممەت مۆمىن سۇلتان خاننى بېرىشتىن توسۇپ ئۆزى ئاتلانغان ئىدى. ئەمما چەرچەن، چارقىلىقلىقلەرگىچە بېرىپ، ئۇلارنى تاپالماي قايتىپ كەلگەندە، ئوردىدا گەرچە بىرەر كىشىبۇ ھەقتە ئاشكارا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ ئابدۇللاخان خېلى بىر مەزگىلئېھتىياتسىزلىقىدىن چۈشەن يەۋالغان

كىشـــــدەك بىئارام بولۇپ، زەردى گۈش بۇلۇپ قالغان ئىدى. بۇ دۆرەمدە ھىندىقۇش مىرزا ئۇ يولغا چىقىشــتىن ئىلگىرى كىينىكى كۈنلەردە يۈز بېرىش ېھتىماللىقىبولغان نۇرغۇن ئىشــلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان بولســمۇ، ئەمما ئابدۇللاخان بەزى ئىشــلاردىن تازا خاتىرجەم بولالماي، يەنىلا سەپەرگە ئاتلانغان ئىدى، مانا ئەمدى...

ئۇ بۇ كۈنلەردە نېمىشــقىدۇر تېرىككەك ئاســان ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئادەتتىكى ئىشــــلارغىمۇ بەزىدە چېچىلاتتى. مىرزا باباقبەگئۇزۇن يىل ئىلگىرى خانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ مىجەز خۇلقىنى بەش قۇلدەك بىلىپ كەتكەچكەتۇلا ھاللاردا تەسەللى بېرەتتى.

ـ　كۆڭۈللىرىنى تۇق تۇتسىلا ئادالەتپاناھىم، مەنشۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەنكى، قالماقلار مۇشـــۇ يەردە چوقۇم بار. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنىبىســـــپ كەلكەن ئىكەن. بىز بىلەن بىرەر قېتىم بولىسىمۇ تۇتۇ شماي كەتمەيدۇ، بەلكىم ئۇلارمۇبىر بولىسا، بىزنى ئىزدەۋاتقان، يەنە بىر بولىسا ئەھۋالىمىزنى تىڭ ـ تىڭلاپ يۇرىۋاتقانبۇلۇ شى مۇمكىن. بىزدە « سەۋرى قىلىساڭ غورىدىن ھالۋا پۇتىدۇ» دەيدىغا ن گەپ بار. شۇڭائالدىرىمايلى، ئالىيلىرى.

ـ　ئالدىرمىســاق بولمايدۇ، ئەمىر جانابلىرى، ئۆزلىرىگەئايان، يەنە ســاقلاپ تۇرىۋەرســەك، لەشكىرى تەمىناتتا قىسىلىمىز.

ـ بۇنىڭدىن خاتىرجەم بۇلســــلا خۇدابەردى بەگنىڭ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىســــدە يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك، لەشــــكىرى تەمىنــات بــار ئىكەن. مىرزا بــابــاقبەگ بۇنىئــاڭلاپ، ســـەل ھۇشىارلاشتى ـ دە، خانغا شۇنداقتىمۇ ئالدىر ـ مىساق بولمايدۇ،

ـ　ئابدۇللاخان بىردىنلا چېچىلغاندەك قوللىرىنى سىلكىپ قويىدى،

ـ بۆيەردەرياغىنى قاچان كېلەركىن دەپ ساقلىساقئەل ـ رەئىيەتىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى تا شلىنىپ قالىدۇ «چۇ شەندىم، ئالىيلىرى. كەم ئەقىل ئەمىرلىرىنى بۇ تەرىپىنى ئە سلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، كەچۈرگەيلا» دېگەندەك كۆلۈمسىرىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئوردىدىكى ئىشلار مىرزا با باقبەگكە ئا يان ئىدى. ھىندىقۇش مىرزا بىلەن چوڭقۇردۇسلۇق بۇرادەرچىلىك ئور ناتقان. خانلىق ئۇچۇن ئوت دېڭىزىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن، سۇغا سەكرە شتىنئايانمايدىغان بۇ سانغۇن ئوردىدىكى ئىشلارنىلا ئەمەس ئىشقىيە، ئىسھاقىيە سۇلۇكلىرىنىڭ رەئىيەتكە كەلتۈرۋاتقان بالايى ـ ئاپەتلىرىدىن تولىمۇ بىزار ئىدى.

ئابدۇللاخان ئىشانغا قول بېرىپ، ئىسھاقىيە سۇلۇككە مورىد بولغان چاغدا، بۇھەقتە ھېچقا نداق ئىنكاس بۇ لدۇرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ يۇرتىدارچىلىق ئىشلىرىدىغا تۇسالغۇبولۇشىدىن ۋاھىم يېگەن ئىدى. لېكىن ئابدۇللاخانسۇلۇك بىلەن خانلىق ئىشلىرىنى ئايرىپ، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر قاتار تەدبىرلەنى قوللانغان چاغدىلا، قەلبىدىكى ئەندىشە تۇمانلىرىنى تارقاپ، قايىللىقئاشقان ئىدى. بىراق يېقىنقى ۋاقىتتىن بۇيان قەشقەر تەرەپتىن ناگان ـ ناگاندا كىلىۋاتقانخەۋەرلەر ـ دىن ئىشقىيە سۇلۇگىنىڭ كاتتىسى غوجا ھىيدۇللا ئىشانىنىڭ شاھزادە يولۋاسخاننىڭ قوبولخانىسىدا ئاراكۇندە ئالتە قېتىم قاتراپ، قىيشىرىن ـ شېكەر سۆزلىرى، باغرى تاشتەك ئادەمنىمۇ بىردەمدىلا قايىل قىلىپ، ئېتىكىگە دۇم چۈشىدىغان ھىيلە ـ نەيلەڭلىرى بىلەنتەختىت سەۋدا سى ئەپسۇنىنى ئۇقۇپ، بېشىنى ئايلاندۇرىۋاتقانلىقىنى ىسھاقىيە سۇلۇگى مۇرىدلىرىنىئۇچرىغان جايدىلا ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمەختۇمزادە خۇجا ئىشانىنى، «كاپىر، ئىمانسىز، مۇرتەھ» دەپ ھا قارەتلەپ، ئاداۋەت تۇگمىنىگە سۇ باشلاپ يۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا تېخىئىسھاقىيە مۇردىلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، قەشقەر تەۋەسىدە تۇرمۇش كەچۈرگۈسىز ھالغا چۈشۈ ـ رۈپ قۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. بولۇپمۇ يولۋاسخان ھىدايىتۇللا

ئىشانغا قول بېرىپ، مۇرىد بولغاندىن كېيىن خاكى ئاشكارا، خاكى يوشۇرۇن، هالدا ئۇنىڭ كۆڭۈل تۇگمىسىگە ئۇگۇت قويۇپ، باشقا ـ باشقا سۆلۈككە مۇرىد بولغاندىن ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا خوسۇمەت پەيدا قىلىپ، پۈتۈن خالىق تەۋەسىدە سۆلۈكى ئىشقىيەنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆز نۇتۇقىنى تىكلەش ئۈچۈن ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى ئوردا ئىچىدە ئاللىقاچان ئاشكارامەخپىيەتلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. بىراق ئوردىدا هىدايىتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ، مۇرىد بولغان ئەمىرلەر بولغاچقا، شاھىنشىندا هازىرغا قەدەر بىرەر كىم بۇ هەقتە ئېغىز ئېچىپ باقمىغان ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئابدۇللاخان ئىككى سۆلۈك ئارىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتنىڭ تۈگىتىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئاشكارا سورۇنلاردا «هاكىمىيەت مەزهەپتىن مۇستەسنا، سۆلۈكتىنتېخىمۇ مۇستەسنا بولۇشى كېرەك» دېگەننى تەكىتلەپ، هېچكىمنىڭ بۇ هەقتە ئېغىزئېچىشىغاپۇرسەت بەرمىگەن ئىدى.

دەرەخ جىم تۇراي دېسە، يوپۇرماقلىرى جىم تۇرغىلىقۇيمىغىنىدەك بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل مۇقەددەم ئابدۇللا خان خوجا شادىنى دۆلەت ئۇستازىدەپ جاكارلىغاندا، غوجا هىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ دادىسى غوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشانىنىڭ يۈرەكباغرى هەسەت رەشكىتىن ئۆرتىنىپ، ئۆيقۇنى تەرەك ئېتىپ، يېگىنى ئۇغا، ئىچكىنى زەھەر بولۇپ، تۇتقان قويغىنىنى بىلمەي، خۇددى ساراڭدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىن غوجا شادى ئۆلگەندە، ئۆلۈپ خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان «تۇمۇر تۇتۇپ» ئۆز نىيىتىنى خانغا بىلدۈرۈش، ئۇنىئۆز سۆلۈكىگە ئۇندەپ، بوش تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، قەشقەردىنيەكەنگە كەلگەندە، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايلا قالماستىن خاننىڭ قوبۇل قىلىشىقىمۇ ئىرىشەلمىدى ـ دە، قايتىش سەپىرىدە نامەلۇم كىشلەر تەرىپىدىن زەهەر بېرىلىپ قازا قىلغانئىدى. مانا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك خوجا هىدايىتۇللا ئىشان ئابدۇللاخانغا ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭلىدە خۇسۇمەت ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ئوغلى ئارقىلىق دادىسىغا تاقابىل تۇرۇشھىيلىسىنى قوللىنىپ، دادىسى

باقى ئالەمدە ئېرىشەلمىگەن دۆلەت ئۇ ستازلىقىدىن ئىبارەتخا سىيەتلىك بوش ئۇرۇندا ئولتۇرۇش غەزىرىدە ھە دەپ نائىپ خان يولۋاسخاننى قولىدىكى ئەڭگۈشتەرگەئايلاندۇرۋالغان ئىدى.

- يىلاننى ئۇۋۇسىدىن چىقىرىش كېرەك ئەمىر جانابلىرى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سىڭگىنى تېپىشىمىز، ئۇ جىم بۇلىۋالسىمۇ، ئۇرۇشقا ئۇندىسىمىز لازىم. شۇندىلا يا نۇسرەت قۇچۇدىغانلىقىمىز، يا مەغلۇپ بۇلىدىغانلىقىمىز ئايان بولىدۇ.

- ئۇنداقتا ئۇبدانىراق بىر مەسلىھەت قىلايلى، ئاللىرىبۇ ئىشنى بەك كىچىكتۇرۇشكە بولمىغۇدەك، مەن ھازىرلا شاھزادە يولۋاسخان، ئەبەيدۇللاسۇلتان، خۇدابەردى ھاكىمبەگلەرگە خەۋەر قىلاي.

- يەنە ھېلىقى بىجەن پالۋان، ئىسكەندەر پالۋان، كۆچەت پالۋانلارنىمۇ ئۇنۇتمىسىلا.

- لەببەي، خان ئالىيلىرى. بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئىچىدە، لەشكىرى مەسلىھەتكە كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. ئۇلار تۆردە-كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان قىپقىزىل گىلەمگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ، تۇزغاقتىقىلغان يۇمشاق ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرغان ئابدۇللا خانغا يەر تېگىدىن قاراپئولتۇرشاتتى. شۇ تاپتا خاننىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىنى خىيالقىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، كېرىيەدىن قوشۇلغان ئۈچ پالۋان ئابدۇللا خاننىبىر نەچچە قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما تۇنجى قېتىم ئەڭ يېقىن ئارىلىقتا ئۇچراشقاچقىمۇ، ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقا پېتىنالمىغاندەك يەرگە قاراپ ئولتۇرىشاتتى.

بارگاھى ئالىينى ئېغىر سۈكۈناتلىق قاپلىغانبۇلۇپ، چىۋىن ئۇچسىمۇ بىمالال ئاڭلىغىلى بۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ خان بىلەن مىرزا باباقبەگدىنباشقىلار بۇ يىغىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلمىگەچكە، ھېچ كىم ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىشقاپېتىنالمايۋاتتاتتى. تۇيۇقسىز خان بوشقىنە

يۆتەلدى، بارگاھى ئالىيغا كىرگەندىن بىرى كۆڭۈل غەلۋىرىدە نۇرغۇن خىياللارنى تاساقاپ ئۆلگۈرگەن يولۋاسخان دادىسىغا تىكىلدى.

— ھەر قايسىڭلارنى جىددىي چاقىرتىشتىكى مەقسەت پەقەتبىرلا، — دېدى، ئابدۇللا خان چېدىر ئىچىدىكىلەرگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — نەچچەكۈندىن بۇيان ياۋ ئۆزىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. شۇڭا ئەمدىكى قەدەمنى قانداق بېسىش ئۈستىدەمەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلۇق.

— دېمىسىمۇ ئەنھەزرىتىم توغرا دېدى، بۇ يەردە «ئۈزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ يېتىۋەر سەك قاملاشمايدۇ. شۇڭا ياۋ ئا سمانغا چىقىپ كەتكەنبولىسا تاپىندىن، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا كۆكۈلىسىدىن تارتىپ چىقىرىشىمىز لازىم،— دېدى يولۋاسخان دادىسىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — شۇڭا ماڭا يارلىق بېرىلسە، مەن ئۈزەملەشكەر تارتسام...

— توختىسلا شاھزادەم، سۆزلىرىغۇ ئورۇنلۇق بولدى، ئەمما كۈندە دېگۈدەك ئەتراپىنى چارلاشقا ئادەم لەشكەر ما ڭدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، ئۇلار ھەققىدە ھېچ قاندا ق ئۇچۇر غا ئېرىشەلمىدۇق. قارىسىغا ئىش قىلساق بولماس، شۇڭا بۇئىشنى ئوبدانراق مەشۋەت قىلغايمىز، دېدىمىرزا باباقبەگ بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەكقىياپەتتە گەردىنىنى بوشقىنە قاشلاپ، مېنىڭچە بولغاندا، ياۋنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردەربولغان بولساق خۇيمۇ ئوبدان ئىش بولاتتى. لېكىن بۇ ناكەسلەر قارىسىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. ئەمدى ئىشنى باشقىچىراق ئۇسۇلدا قىلساق بولارمىكىن. بۇ گەپ بىلەن ئابدۇللاخانمۇ، يولۋاسخانمۇتەڭلا مىرزا باباقبەگكە قاراشتى.

— قېنى ئېيتىسىلىچۇ ئەمىر ئاتا، بۇ ئىشقا قانداق دانا مەسلىھەتلىرى باركىن؟، — ئالدىراپ سورىدى ئەبەيدۇللا سۇلتان بالىلارغا خاس ئالدىراڭغۇلۇقبىلەن چاقماقتەك سۆزلەپ.

- بۇ ئىش توغرىسىدا خېلى كۆپ ئويلاندىم. ئاخىرى ئۇلاربىزنىڭ زور قوشۇن تارتىپ كەلگىنىمىزنى بىلىپ، يا كەلگەن يولى بىلەن كەتكەن، يا بولمىسائاتچان تەرەپلەردىكى تاغلىق رايونلاردا ھەرىكەت قىلىپ، بىزنىڭ ئۆزلىرىنى ساقلاپ، زېرىككەندە پېشىمىزنى قېقىپ كېتىشىمىزنى كۈتىۋاتىدۇ دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. شۇڭا بىز ئەمدى قول قۇلۇشتۇرۇپ تۇرماي ھەرىكەتنى چوڭراق قىلساق قانداق بولار ؟

- دىگەنلىرىچە بولغاندا، ئالدى بىلەن ياۋنىڭ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەرىكەت قىلىدىكەنمىز ـ دە، ـ دېدى شاھزادەيولۋاسخان ئالدىراپ. ـ ھەئە. ئالدى بىلەن شۇنى بىلسەكلا قالغان ئىشلار ئوڭايغا تۇراتتى.

- نەچچە كۈندىن بۇيان ئەھۋال ئۇقۇشقىلى لەشكەرماڭدۇرۇپ تۇرۇپمۇ ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىسەك، ـ دېدى ئەبەيدۇللا سۇلتان جاڭىلداپسۆزلەپ، ـ يەنە لەشكەر ماڭدۇرساق نەتىجىسى ئوخشاش بولامدىكىن. .

- ئالدىرىماڭلار، جانابى مىرزا باباقبەگنىڭ خىيالنىبىلىپ سۆزلەڭلار ـ دېدى ئابدۇللاخان سەل ئاچچىقى كەلگەندەك، ـ بۇ ئىشتا ئالدىرىغان، قىزىققانلىققىلغان بىلەن بولمايدۇ ئەمىر جانابلىرى دېمەكچى، بىز ئالدى بىلەن يىراقراق يەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىللەيمىز. ياۋ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، قوغلايمىز، ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسا، ئىككى تەپتىن ھۇجۇم قىلىمىز، شۇنداقمۇ ئەمىر جانابلىرى...

- ھەسسانات ئادالەتپاناھىم، مەن شۇنداق دېمەكچى، ـ دېدى مىراز باباقبەگ بېشىنى لىڭشىتىپ، ـ سىزگە ئەمدى شۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. قېنى، خۇدابەردى ھاكىمبەگ جانابلىرى دەپ باقسىلچۇ، بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ يۇرتنىڭ نېرىسىدەقانداق يۇرت باركىن.

- يېسىيۇلغۇن دەپ ئاتىلىدىغان، سەككىز-توققۇز ئائىلە جايلاشقان مەھەللە بار، - خۇدابەردى ھاكىمبەگ ئالدىراپ جاۋاب بەردى.

- مۇساپىسى قانچىلىك كېلەر؟ - ئەتىگەندە ئاتلىق يولغا چىققان كىشى كۆز كۇرە مەھەللىگە يېتىپ بارالايدۇ.

- ئۇنىڭ نېرىسىدىچۇ؟ - نىيە دېگەن بىر يېزا بار. دائىرىسى چوڭ، ئاھالىلىرى تارقاق جايلاشقان مۆلچەرىمچە ئۈچ تۆت مىڭ تىرىك جان بارمىكىن

- خۇش، بۇ ئىشنى ئەنھەزرىتىم مۇۋاپىق دەپ قارىسا، مۇنداق قىلساق، - دېدى مىرزا باباقبەگ مەقسىتىنى ھەممەيلەنگەن ئېنىق چۈشەندۈرمەكچى بولغاندەك ئالدىرىماي سۆزلەپ، بىر بۆلۈك ئادەم نىيە دېگەن يەرگە بېرىپ، سىڭگى قۇشۇنىنىڭئۆتۈپ كەتكەن، ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ باقسا، ئەگەر ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، چوڭ قوشۇن ياۋنىڭ كەينىدىن يولغا چىقسا، ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسا، بىز بۇ تەرەپتىن قوغلاپ زەربەر سەك، نىيىدىكى قوشۇن ئالدىنى توسۇپ، مېخشقا ئىمكان بەرمىسە قانداق بۇلاركىن. ئابدۇللاخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا جىمىپ قالدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى. جىددىرئىچىنى ئادەمنىڭ كەيپىنى بۇغۇدىغان سۇكۇناتلىق قاپلىدى.

- شۇنداق قىلايلى، ئۇبدان مەسلىھەت بولدى، - دىدىخان بارگاھى ئالىيدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، - ھازىر بىزگە بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ ياخشىئامال يوق ئوخشايدۇ. يەنە ساقلاۋەرسەك، ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن، قېنى ئېيتىسىلچۇ، ئەمىر جانابلىرى، نىيە تەرەپكە كىم بارسا بۇلار؟...

- مەن باراي... ، - يولۋاسخان مىراز باباقبەگ ئىغىزىچىپ بولغۇچە ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قۇيۇپ ئىغىز ئاچتى.

- مەيلى، شاھزادەمنىڭ دىگىنىچە بولسۇن، - دىدى مىرزاباباقبەگمۇ قوشۇلغاندەك، - ئەمما يولدا بەك ئىھتىيات قىلسىلا،

- خاتىرجەم بولسىلا، ئەمىر جانابلىرى، بۇ تەرىپىماڭا ئاياغدىكى ئاشتەك ئايان، مەن چوقۇم ئاداڵەتپاناھ ئەنھەزىرىتىمنىڭ كۈتكەن يىرىدىنچىقىمەن.

- ئۇنداقتا ئۆزىڭىز بىلەن كەلگەن قوشۇننى باشلاپھايالشمايلا يولغا چىقىڭ، نىيىگە بارغاندىن كىيىن ئەھۋالنى ئوقۇپلا چاپارمەن ماڭدۇرۇڭ. - باش ئۇستىگە...، - يولۋاسخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چىرىكچە سالام بەردى. شۇكۈنى پېشىممەھەلدە قەشقەرنىڭ نائىپ خانى شاھزادە يولۋاسخان ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن لەشكەرلەرنىباشلاپ، نىيە تامام يۇرۇپ كەتتى، مىرزا باباقبەگ ئۆلارنى مەھەللىنىڭ ئايىقىدىكى بىشىغىچىلىكچىقىپ ئۇزۇتۇپ قۇيۇپ، قايتىپ كەلدى. ئاريدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۈچىنچى كۈنى خۇپتەندىن ئاشقاندا، ئىككى چاپارمەن يولۋاسخاننىڭ مەلۇماتىنى ئىلىپ كەلدى.« قالماقلار نىيىدىنئۆتمەپتۇ» دىگەن قىسقىلا خەت يېزىلغان ئىدى.

- پەرمانى ئالى، - دىدى ئابدۇللاخان خەتنى ئوقۇپبولۇپ، بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، - يولۋاسخان نىينى چىڭ ساقلىسۇن، ئالمادىس ياۋلەشكەرلىرى سىزىلسە ۋاقتىدا خەۋەر يەتكۈزسۇن...

- باش ئۇستىگە...، - مەلۇمات ئەكەلگەن لەشكەرلەر چىرىكچە سالام بەرگەندىن كىيىن، ئارقىچىلاپ مىڭىپ، بارگاھى ئالىيسىدىن چىقىپ كەتتى.

– ئەمدى بىز ئەتىلا ئاتلانساق بولارمۇ، ئەمىرجانابلىرى ـ سورىدى ئابدۇللاخان مىرزا باباقبەگدىن،

– ياۋنىڭ ئەھۋالى ئايان بولدى. ئۇلار ئاچچان تاغلىقرايونىدا ئوخشايدۇ.

– شۇنداق قىلايلى، ئەتە سەھەردىلا يولغا چىقايلى.

ئەتىسى تاڭ يورىماستىنلا يولغا چىققان قوشۇن كۆچەت پالۋاننىڭ يول باشلىشىدا يۈرۈپ كەتتى. كۆچەت پالۋان ئاتچاننىڭ سوقتىياق دېگەن يېرىدىن بولۇپ، يەرلىك ئادەم بولغاچقا، تاغ يوللىرىغا پىششىق ئىدى. شۇڭاقوشۇننى يېقىن يوللار بىلەن باشلاپ، ناماز زىگەرگە يېقىن پىشكەگە يېتىپ كەلدى.

– ئاتچاننىڭ پىشكە دېگەن مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدۇقئالىلىرى، – دېدى كۆچەت پالۋان ئابدۇللاخاننىڭ قېشىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپ، – لەشكەرلەرمۇ شۇ كۆجۈم مەھەللىدە ئارام ئالغاچ ئوزۇقلىنىۋالسا، مەن بىر نەچچە يارەنلىرى بىلەن ئەھۋال ئىگىلەپ كەلسەم بولارمىكىن.

– ماقۇل، تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كېلىڭ. كۆچەت پالۋانبىر نەچچە ھەمراھىنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى. مىراز باباقبەگ لەشكەرلەرگە ئارام ئالغاچ ئوزۇقلىنىشنىتاپىلىدى. شۇنىڭغىچىلىك ئوردىدىن خان بىلەن بىللە كەلگەن بىكاۋۇل بەگ لەشكەرلەردىن سەل يىراقراق يەرگەگىلەم ـ پاراز سېلىنىپ تەييارلانغان مەخسۇس سورۇنغا داستۇرخان سېلىشقاباشلىدى. كۈن كىرىپ، ئەتراپىنى تۈن پەردىسى يېپىلىشقا باشلىدى. ئون تۆت كۈنلۈك ئاي ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. لەشكەرلەرنىڭ بەزىلىرى قورساقلىرىنى ئەستەرلەپلا شېرىن ئۇيقۇغا چۆشكەن، بەزىلىرى ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇشۇپ، قىزىق گەپلەر بىلەن ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرماقتائىدى. ئابدۇللا خان، مىراز باباقبەگ، ئەبەيدۇللا سۇلتان بىلەن يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدەئىزىلىپ ئولتۇراتتى. ئەتىگەندىن بۇيان گىياھسىز سايلىقتا ئات ئۈستىدە مۈكچىيىپ

ئولتۇرغان، بەل ـ پۇتلىرى ئوبدانلا ئۇيۇشۇپ هاردۇق يەتكەن بولسىمۇ، سىڭگىنىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىدىنبا لدۇراق خەۋەر تېپىش ئىستىكىدە ئەتراپقا پات ـ پات قاراپ، گەپ بىلەن ئۆز كۆڭۈللىرىنىمەلىكە قىلىپ ئولتۇرىشاتتى.

ـ هازىر قايسى چاغ بولغاندۇ ؟، ـ سورىدى ئەبەيدۇللاسۇلتان ئاسماندىكى شوخ جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

ـ ئالاهەزەل ئېغىر ئەلياتقۇغا يېقىنلاشتى، ـ دېدىمىرزاباباقبەگ ئالدىرىماي سۆزلەپ . ـ هېلىقى پالۋان كەتكىلىمۇ بىرچاغ بو لدى. نېمىشقا هېچ قايتىپ كەلمە يدىغۇ؟ يۇ لدا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالمىغاندۇ؟

ـ تەمبەت ئونداق خىياللاردا بولمىسىلا، تاغ يۇلىدىگەن ئېگىز ـ پەس، مۇشەققەتلىك يول بولسىمۇ، كۇچەت پالۋان يەرلىك كىشى بولغاچقا. ئالمادىسىبىرەر ئىش بولسىمۇ بىر ئامال قىلالايدۇ. مىرزا باباقبەگنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، يىقىنقىيەردىن لەشكەرلەرنىڭ گۇڭگۇلداشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بارا ـ بارا كۇچەيدى، ـ دە، هايالشىمايلابىر نەيچەيلەننىڭ قارىسى كۆرۈندى. ـ كىم؟ كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان نەۋكەر كېلىۋاتقانلارغا قاراپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

ـ مەن كۇچەت پالۋان، ـ كېلىۋاتقان توپنىڭ ئالدىدىكىكىشى جاۋاب بەرگەچ، ئۇدۇل ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەلدى،

ـ قېنى ئولتۇرسىلا، ـ دېدى مىرزا باباقبەگ تاقەتسىزلەنگەنهالدا ئالدىراپ سۆزلەپ، ـ بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

كۇچەت پالۋان ئۇ كۆرسەتكەندەك جايىدا ئولتۇرغاچتىزلىكتە جاۋاب بەردى.

ـ سىڭگى قوشۇنلىرى سوقتىياق دېگەن جايدىكى بىر ئىدىرلىقتىكەن. ئۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى كىريا دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. ئىككى تەرىپى تاغ. پەقەتلا بىر تەرىپىدىنبىمالال ھەرىكەت قىلغىلى بولىدۇ. شۇ تاپتا قاراۋۇلدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ قاپتۇ.

ـ سىلى دېگەن جايغا قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ؟ ئابدۇللاخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر نەرسىنى خىيال قىلغاندەك سورىدى.

ـ بىر ئاشپىشىمدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلىبولارمىكىن.

ـ ھە.... ئۇنداقتا تۇمۇرنى قىزىقىدا سوقساق قانداقبولار مىرزا باباقبەگ جانابلىرى؟ سىلى ئۇلار تەييارلىقسىز تۇرغان چاغدا ھۇجۇم قىلالايدىمەكچىمۇ؟ مىرزا باباقبەگ يالت قىلىپ ئابدۇللاخانغا قاراپ

ـ تايتىلان ھازىر كەلكۈن مەزگىلى، دەريادا سۇ بار، ئىككىتەرىپى تاغ ئىكەن. شۇڭا. . . ـ دىگەنلىرىچە بولسۇن، ئىمكان قەدەر شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ، ئۇلارنى بىر يولدىلا يىغىشتۇرايلى. ئۇلار قىسقىلا مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، چاقماق تېزلىكدە يولغا چىقىشتى. مىرزا باباقبەگ ئابدۇللاخاننىڭ بېرىشىغا قوشۇلمىغانبولسىمۇ، ئەمما خان ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالغاچقا، ئامالسىز قالغان ئەمىر ئاخىرى باشقائامال قىلالمىدى. قوشۇن ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولدىغابىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن كۈچەت پالۋاننىڭتەكلىۋى بىلەن ئۈچ تارامغا ئايرىلدى. ئابدۇللاخان، ئەبەيدۇللا سۇلتان، بىجەن پالۋانلاربىر توپ، خۇدا بەردى بەگ ئىسكەندەر پالۋانلار بىر توپ، مىرزا باباقبەگ بىلەن كۈچەتپالۋانلار بىر توپ لەشكەرنى باشلاپ، ئەتراپىنى بەش قولدەك بىلىدىغان يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئالدىنئالا نىشانلىغان ئورۇنلارغا باردى، مىرزا باباقبەگ كۈچەت پالۋانبىلەن لەشكەرلەرنى باشلاپ ياۋ لەشكەرگاھىغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغ ئاللىقاچان يېرىم كېچىدىن ئاشقان ۋاقىت بولغاچقا قاراۋۇللارمۇ ئۇخلاپ

قالغاندەك قىلاتتى. شـــۇڭا ئوت يېقىپ بەلگەبەردى. ئابدۇللاخانمۇ، خۇدا بەردى ھاكىمبەگلەرمۇ بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ كەلگەنلىكىنىبىلدۈرۈپ ئوتقاچ يېقىشـــتى. شـــۇ ئان ناغرىلار گۈمبۈرلىتىپ چېلىندى، لەشـــكەرلەر قىيازدەك جىلغا ئىچىگە باســـتۇرۇپ كىرىشـــتى. ســـىڭگى لەشـــكەرلىرى تاتلىق ئۇيقۇدا بولغاچقا، تۇيۇقســـىزئاڭلانغان ھۇڭا ـ ســـۈرە ـ نلەردىن چۆچۈپ ئويغىنىشـــتى ـ دە، باش تەرەپلىرىگە قۇيۇپ قۇيغان جەڭ قۇراللىرىنى ئېلىشـــتى، ســـاي ئىچىنى قۇرال ـ ياراقلارنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرى. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، يارىلانغانلارنىڭ ئىچىنىشلىق ئاھۇ ـ زارى قاپلىدى. تاڭ ئا تار غا يېقىن خۇدا بەردى ھاكىمبەگ تۇر غان تاغ ئېغىزىغا يېقىنلاشـــقان ياۋ لەشـــكەرلىرى كۆچلۈك ھۇجۇم بىلەن خانلىق لەشـــكەرلىرىنىئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ قېچىپ كەتتى.

قۇياش تارتىنچاق كېلىنىدەك ھىجىيىپ چىقىپ ئەتراپتۇلۇق يۇرىغا ندا، لەشـــكەرلەرنى ئېنىدىتلاپ ئۆلگۈرگەن مىرزا باباقبەگ ئەتراپنى بىر قۇركۆزىتىپ چىقتى.

ـ بۇ يەر بەك خەتەرلىك ئىكەن، ئەنھەزرىتىم، ئەگەرياۋ لەشـــكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ قالســـا، تاقابىل تۇرۇش تەس بۇلغۇدەك، شۇڭا دەرھاللا يۆتكىلەيلى.

ـ دىگەنلىرىچە بولســـۇن، كۆچەت پالۋان بىلەن قوشـــۇننى دەررۇ ئاتلاندۇرســـىلا. . . ئۇلار شـــۇ مەسلىھەت بىلەن دەررۇ ئاتلاندى، ـ دە، ھايالشمايلاتۇزلەڭلىككە چىقىپ ھەيران بولۇشتى. كۆز يېتىم يەردە ياۋ لەشـــكەرلىرى ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقا ندەك تۇرۇشاتتى، بۇنى كۆرۈپ، مىرزا باباقبەگ لەشكەرلەرنى سەپراسىۋلۇشقا ئۇندىدى، ياۋ سېپىگە قاراپ، بىر نېمىنى خىيال قىلغاندەك ۋارقىرىدى.

ـ ئۇقياچىلار تەييار تۇرۇڭلار. ئۇنىڭ ســـۆزى تۈگىمەيتۇرۇپلا، ياۋ ســـېپى ئۇلارتەرەپكە قاراپ دەۋرەپ كېلىشكە باشلىدى. ئوقياچىلار ساداققا ئوقنىبېسىپ، گىرىچىنى چىڭ تارتىشتى.

- ئېتىڭلار. . . ياۋ يېقىنلاپ كەلگەندە، ئوقيا ئوقلىرىئۇچۇشقا باشلىدى، ياۋ سىپىدە ئاتتىن دومىلاپ چۈشكەنلەر، ئات بىلەن بىللە يېقىلغانلاركۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئارىلىق بارغانسېرى قىسقارماقتا ئىدى.

- ئاتلىنىڭلار، - مىراز باباقبەگ قىسقا ساپلىق شەمشىرىنى بۇلاڭلىتىپ، ئات سالدى. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى-دە، ئىككى قوشۇن كىشىلىرى ئارىلىشىپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى. يىراقتا ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغان ئابدۇللا خان نەۋرىسى ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ ياۋ سېپىگەئات سالماسلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر غىلام-غىلام قاراپ قويغاچ، جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز سىڭگى قوشۇنى ئارقا تەرەپكە ئاستا-ئاستا سۈرۈلدى-دە، ئاللىقانداقئۇارقىراشقان ئاۋازلار بىلەن تەڭلا ئات چاپتۇرۇپ چېكىنىشتى.

- بولدى، قوغلىماڭلار، قايتىپ كېلىڭلار، بىكارياۋنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالمايلى، - دەپ ۋارقىرىدى مىراز باباقبەگ. شۇنىڭغىچىلىكجەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئابدۇللاخانمۇ ناغرا چالدۇرۇپ لەشكىرى بەلگە بەردى.

- ئۇلارنىڭ قاچقىنى راسىمدۇيا، - سۈردى ئابدۇللاخان قان تېمىپ تۇرغان شەمشىرىنى قىنىغا سالماستىن، ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن مىراز باباقبەگدىن.

- ئۇلارنىڭ يېڭىلگىنى يالغان ئەنھەزرىتىم. كىچىدىكى تۇيۇقسىز زەربىدە ئېغىر تالاپەت تارتتى. شۇڭا بىزنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ. بىزنىڭ ھەمدەيچىقو شۇنىمىز بار-يوقلىقىنى بىلەلمەي چېكىندى. ئۇلارمۇ بىكارئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدىغان پەرۋانە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇ ستىگە ئورۇش دېگەننىڭ «توققۇزى رەڭ، بىر سى جەڭ» ، يېڭىلگەن بولۇپ، بىزنى قىلتاققا دەسسەتمەكچىمۇ تېخى، كىم بىلىدۇ ؟!

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ يېنىدىن كۆچەت پالۋان ئۆتۈپقالدى. مىرزا باباقبەگ ئۇنى كۆرۈپ چاقىردى.

- بۇ يەرگە كەلسىلە پالۋان. مەسلىھەت قىلىدىغانئىش بار. - ئۇ سۆزلىگەچ ئاتتىن چۈشتى- دە ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن كۆچەت پالۋاندىن سورىدى. - بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ نېرىسى قانداق يەر؟

- بۇ يەرنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى ئۈچ- تۆت ئادەم قاتارلىشىپ ئاران ماڭالايدىغان يارلىق، مويسىپىتلار نىڭ دېيىشىچە، ئىككى- ئۈچ يۈز يىل مۇقەددەم غايەت زور كەلكۈن كېلىپ پەيدا بولغانمىش.

- بۇ تەرىپىچۇ، - ئۇ يان تەرەپنى قولى بىلەن ئىشارەتقىلدى. - ئۇ يەردىمۇ ئوخشاش، ئەمما يارلىقنىڭ ئۇ تەرىپى ئېگىز تاغ، پەقەت بىرلا ئادەمئاران ماڭالايدىغان يول بار. بۇنى ئاڭلىغان مىرزا باباقبەگ كىچىك بالىدەك بىردىنلاۋاقىرۋەتتى.

- دەرھال ناغرا چېلىڭلار، قوشۇن دەرھال يىغىلسۇن. قوشۇن باشلىرى بۇ يەرگە كەلسۇن.

بۇيرۇق بىردەمدىلا ئۇرۇندالدى مىرزا باباقبەگ قوشۇنباشلىرىغا بىر قاتار يوليورۇقلارنى بەرگەندىن كېيىن، كۆچەت پالۋان بىلەن ئىككى يۈزدەكلەشكەرلەرنى باشلاپ سىنگىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى، ئۇلار بىر ئاشپىشىم يۇل يۈرۈپ، غەربى جەنۇب تەرىپى بىر- بىرىگە باش قۇيۇپئۇخلاپقالغاندەك كۆرۈنىدىغان تاغلارنىڭيانتۇ تەرىپىدە بارگاھ قۇرۇپ ئەمدىلەتىن ناشتا قىلىشقا تۇتۇنغان ياۋنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىزپەيدا بولدى. بۇنى كۆرگەن ياۋ لەشكەرلىرى نېمە قىلىشىنى بىلەلمىگەندەك سەل تېڭىرقاپقئېلىشتىيۇ، ئەمما ناھايىتى تېزلىكتە ئاتلىرىغا مىنىشتى. مىرزا باباقبەگ ئوڭ قولىدىكىقىسقا ساپلىق قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھۇررا تۇۋلىغىنىچە ئېتىلدى. بۇنى كۆرگەن سىپىمىز، غۇلۇسقىنە كەلگەن، مەڭزىدىن قان تەمچىپ

تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان ياۋ سەركەردىسىمۇ، ئۆزلەشكەرلىرىنى «جەڭگە ئاتلىنىڭلار» دېگەندەك ئۇزۇن، ئايىسىمان قىلىچىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. مىرزا باباقبەگ تۇيۇقى يەرگە تەگمەي چېپىۋاتقاندەك كېتىۋاتقانقارا گىر تۇلپارىنىڭ بېشىنى سىڭگىنىڭ ئېتىغا روبىرۇ قىلدى. ئىككى ئاتنىڭ بېشى يېقىنلىشا ـ يېقىنلاشمايلا ئىككى سەركەردىنىڭ قىلىچلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ، ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك «پاللىدە» ئۇچقۇن چاچرىدى. ئۇلار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ، يەنە بىر مەرتەم يېقىنلاشتى ـ دە، قىلىچۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. قىلىچلار گاھ بېشىنى، گاھ بوينىنى، بەزىدە يۈرەكنى نىشانلاپ ئۇرۇلاتتى. ئەمما ئۇلار چەبدەس ھەرىكەتلەر بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ زەربىسىنى توسۇۋالاتتى. ئىككى سەركەردە خېلىھەمله قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىيلەن ئەلەم ماھارىتىگە پىشقان سانغۇنلار بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرەلمىدى. شۇ چاغدا مىرزا باباقبەگ لەشكەر ـ لىرىدە تالاپەتنىڭ ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرۇغاچ ۋارقىرىدى.

ـ چېكىنىڭلار، تېزدىن چېكىنىڭلار. . . بۇيرۇقنىئاڭلىغان لەشكەرلەر تېزلىكتە كەينىلىرىگە ياندى. بۇنى كۆرگەن سىڭگى قەھرى بىلەن تۇۋلىدى.

ـ قىرىڭلار، بىرىمۇ ئامان قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرەيلى...

مىرزا باباقبەگ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ناھايىتى تېزلىكتە قاچماقتا ئىدى. تۈن يېرىمىدىكى ۋە بايامقى جەڭدە ئېچىنىشلىق چىقىم تارتقانسىڭگىنىڭ بىردىنلا قېنى قىزىپ كەتكەچكە، ئېتىنى ھەدەپ تېقىمداپ قوغلىماقتا ئىدى. ئۇلارشۇ تەرىزدە خېلى ئۇزۇن ماڭدى ـ دە، كۆچەت پالۋان بايام چۈشەندۈرگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان سىڭگىنىڭ قوشۇنى تەرەپكە بۇرۇدى. دەل شۇ چاغدايارلىقنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن تاشلار «گۈلدۈر ـ غاراس» قىلىپ، تۆۋەنگە دومىلاشقا، ئوقيا ئوقلىرىئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنى

كۆرگەن سىڭگى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدىيۇ، ئەمما بايام كەلگەن يېرىدە خۇدا بەردى بەگ بىلەنئىسكەندەر پالۋان قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز لە شكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنىتېقىمداپ، شۇ تەرەپكە ئات سالدى. ئەمما سىڭكى لەشكەرلىرى ھەر قانچە كۈچەنگەن بىلەنمۇ كىرىش چىقىش ئېغىزى تۇسۇۋېلىنغان، ئىككى تەرەپتىن تاشلار دومىلاپ، ئوقيالار ئېتىلىپتۇرغاچقا، سىڭگى قوشۇنىنىڭ تالاپىتى ئېغىر بولماقتا ئىدى. جىلغا ئىچى ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، لەشكەرلەرنىڭ ئاھۇ ـ زارى بىر ئالغان بولۇپ، ئىگىسىز قالغان ئاتلار قالايمىقان چېپىپ، جەڭ مەيداندا ئېغىر سارا سىم پەيدا قىلماقتا ئىدى. سىڭگى ھېلى مىرزا باباقبەگ تەرەپكە، ھېلى خۇدا بەردى ھاكىمبەگ تەرەپكە ئات سېلىپ، بىرەر يوچۇق ئىچىپ، ھاياتلىق ئىزدەشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئەمما مۇداپىئە چىڭ، ھۇجۇم قاتتىق بولغاچقا، ئاخىرقى ئۈمۈتلىرىمۇسۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك توزۇپ بارماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرتتىن باشلاپ چىققان بە شمىڭ ئاتلىق قو شۇندا ئۈچ ـ تۆت يۈزدەك ئادەم قالغان بولۇپ، بۇ ھەل ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. سىڭگى يۈرەك باغرىنى تىلىپ ئۆتكەن ئاجايىپ بىر خىل ئاچچىق سىزىم بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى.

ـ ئالغا... ئالغا. . . مەن بىلەن ئالغا... سىڭگىپۈتۈن كۈچى بىلەن ئېتىنى تېقىمدىدى. ئات كۈچلۈك زەربىدىن چۆچۈپ، ئالدى ئىككىپۇتىنىئىگىز كۆتۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى سېرىلغۇدەك شۇنداق قاتتىق كىشنىدى ـ دە، جىرادا ئەكىسسادا پەيدا قىلغاندىن كېيىن، بىردىنلا خۇدا بەردى ھاكىمبەگنىڭ سېپىگە قاراپ ئېتىلدى. سىڭگى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى خانلىق لە شكەرلىرىگە زەربىپ بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭسېپىنى قالايمىقانقىلدى ـ دە، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن لە شكەرلىرى بىلەن قۇر شاۋنى بۇزۇپ چىقىپ، ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك ئالغا قاراپ ئېتىلدى.

ـ قوغلاڭلار، ئۇلارنىڭ بىر سىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلاڭلار... مىرزا باباقبەگ شۇئان بۇيرۇق بەردى. خۇدا بەردى ھاكىمبەگ بىلەن ئىسكەندەر پالۋان بۇنى ئاڭلاپ، ياۋا لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

ئەنە شۇ ئۇرۇشتا ئابدۇللاخان بىلەن يەكەندىن كېرىيەگە كېلىپ، جەڭگە بىۋاستە قاتناشقان «تارىخى رەشىدى زەيلى» نىڭ ئاپتورى شاھ مەخمۇدجوراس ئۆز خاتىرىسىگە «شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ ئاۋازلىرىدىن، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ گۈپۈرلىشىدىن تاغلارمۇ ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئورنىدىنىيۆتكىلىپكەتكۇدەك بولدى» دېگەن قۇرلارنى پۈتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا نۇسرەت قازانغان ئابدۇللاخان ئىككى ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن، كېرىيەنىڭ ھاكىمبەگ مەھكىمىسىگە قايتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭغىچىلىك ياۋنى قوغلاپ ئويتوغراقنىڭ جاڭگاللىقلىرىدا، كېرىيە بىلەن نىيە ئارىسىدىكى سايدا ئاراملىق بەرمەي، ياۋنىڭ قاچقان لەشكەر ـ بىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يوقىتىپكەلگەن خۇدا بەردى ھاكىمبەگ بىلەن ئىسكەندەر پالۋانمۇ، نىيىگە ئالدىن ئالا چىقىپ كەتكەن يولۋاسخانمۇ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ھاكىمبەگلىك مەھكىمىسىگە ئورۇنلىشىپ، ئەتىسى لەشكەرباشلىرى ۋە ئۇرۇشتا ئەجىر تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنىڭ جىمىسىنى جەم قىلدى ـ دە، ئۇرۇشتا ئەجىرتۆھپە كۆرسەتكەن سانغۇن لەشكەرلەرگە ئىنئام بېرىشتى. ئۇرۇشتا خان قوشۇنىغا ھەمدەم بولۇپ، نۇسرەت قازىنىشقا يار ـ يۆلەكتە بولغان كۆچەت پالۋان، ئىسكەندەر پالۋان، بىجەن پالۋانلارغا يەر، سۇ سۈيۈرغال قىلىپ بېرىپ، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد مىراس قالدۇرۇشىنى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى، يۈز بېشى، تۈپ بېشى، ئون بېشىلارنىڭ جەڭدىكى ئىپادىسىگە ئاساسەن زىممىسىدىكى باج ـ سېلىقنىئېلىپ تاشلاشنى جاكارلىدى.

ئەنە شۇ ئىشلاردىن ئىككى كۈن كېيىن، ئابدۇللاخانخۇدا بەردى ھاكىمبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن كۆككۆز ۋە تۇقۇچاقلىققا ئوۋغا چىقتى. ئۇلار كەچپېشىمگىچە تۇلۇمدەك سېمىز ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ، توشقان، تۈلكە دېگەندەك نەرسىلەردىنئوندىن ئارتۇقراقنى ئولجا ئالدى ـ دە، كۆز باغلىنىشتىن بۇرۇن ھاكىمبەگ مەھكىمىسىگە يېتىپبېرىش ئۈچۈن قايتىشتى. مەيىن شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، بىر خىل تەرىزدە تىزگىنسىزلىپكېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەيتتى.

بۈگۈن ئابدۇللا خاننىڭ كەيپى خېلىلا كۆتۈرلۈپقالغان بولۇپ، بەزىدە ھەمراھلىرىغا چاقچاق قىلسا، بەزىدە قايسى بىر ناخشىغا ئۆزىچىلا غىڭشىپ كېتەتتى. ئۇلار قويۇق قومۇش ئۆسكەن جاڭگاللىقتىن ئۆتۈپ، ئۆ يەر بۇيەردە سېسىقسۇيېغىلىپ قالغان شورلۇقنى كەينىگە تاشلاپ مەھەللىگە ئۇلاشتى. خان يول بۇيىدىكى كۈز كەلمەستىنلا غازاڭلىرى سارغىيىپ قالغان دەرەخلەرگە، ئوسساپ قاغچىراپ كەتكەن يەرلەرگەقاراپ، خۇدا بەردى ھاكىمبەگدىن سوئال سوراشقا تەمشەلگەندە، يېقىنلايەردىن ئاللىكىملەرنىڭۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ ئادەم بارمۇ؟، تىز كېلىڭلار، خۇن تۆكۈلدى.... ئادەمئۆلدى. بۇنى ئاڭلىغان خان ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئات سالدى. باشقىلارمۇ خانغا ئەگەشتى. ئۇلار يولنىڭ بۇيىدىكى قۇچاق يەتمەيدىغان سۆگەتنىڭ كەينىدىكى ئاچا يولدىن قايرىلىپ، ئاۋاز چىققان يەرگە يېقىنلاشتى.

ـ سىلى تۇرۇپ تۇرسىلا ئەنىەزرىتىم. مەن ئەھۋالنىئۇقۇپ كېلەي، ـ دېدى خۇدابەردى بەگ ئالدىراپ ئادەملەر ئولۇشۇۋالغان تەرەپكە ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ماڭغىنىچە. ئابدۇللاخان ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرگەندەك ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ توختاشتى، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، خۇدابەردى بەگمۇ قايتىپكەلدى.

ـ نېمە ئىش بوپتۇ؟ ـ ، سورىدى ئابدۇللا خان ئالدىراپ.

- سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپتۇ. بىر دېھقان تۇغۇمنى چېپىۋېتىپسەن دەپ يەنە بىرىنى يارىلاندۇرۇپتۇ

- ئەھۋال ئېغىر ئەمەستۇ ؟

- ياق، ئېغىر ئەمەسكەن. ئۇلارنى ئەتە ھاكىمبەگ مەھكىمىسىگە بارسىلەر دەپ قويدۇم.

- ھىم... بۇ يەردە داۋاملىق مۇ شۇنداق ئىشلار يۈزبېرەمدۇ.؟ مەن دېمەكچى، كېرىيەدە سۇ قىسمۇ ؟ ـ شۇنداق ئادالەتپاناھىم، كېرىيەدىلا ئەمەس، چىرىيە نىيالاردىمۇ سۇ قىس. بەزىدە دېھقانلار ئەتىيازلىق زىرائەتلەر ـ نى قاپاق، سوغىلارداسۇ توشۇپ تىرىدىغان ئىشلارمۇ بۇ يەردە كۆپ.

- بۇنىڭ ئامالىنى قىلسىڭىز بولمامدۇ ھاكىم بەگ، قارىسام قىريا دەريا سىنىڭ سۈيى خېلىلا بار ئىكەن. ئۆستەڭ، ئېرىقلارنى ئېلىپ سۇنى كۆپەيتىپ، بىنام ئاچساقمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

- بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ ئويلانغان بولسامۇ، ئەمما بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاقىت چىقىرالمىغانىدىم، ئادالەتپاناھىم. يارلىق قىلغان ئىكەنلا، بۇ ئىشنى چوقۇم ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلايمەن.

- ئەتە ھەممىمىز ئۆستەڭ ئېلىنىدىغان ئورۇننى كۆرۈپبار مەسلىھەت بىر ئىش قىلايلى، ـ ئابدۇللاخان سۆزلىگىنىچە ئېتىنى دېۋىتتى،ـ چۇھ، جانىۋار. چۇھ...

خانە ئېچىنى ئېغىر سۈكۈناتلىق قاپلىغان بولۇپ، چېۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلىنغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت ئىدى. ئابدۇللا خان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانئوغلى شاھزادە يولۋاسخانغا قاراپ قوشۇمىنى تۈرگىنىچە ئولتۇراتتى.

ــ شۇنداق قىلىپ ئەتە يولغا چىقاي دەۋاتامسىز ئوغلۇم؟ــ خان خاس خانىدىكى بۇرۇختۇرمىچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ، ــ بۇ يەردىكى ئىشلارمۇ ئاساسەن بىر يەرگە باردى. مەنمۇ پات ئارىدا ئوردىغا قايتىمەن. شۇ چاغدا بىرگە قايتىساق بولامدۇ ؟

ــ بولىسىغۇ شۇنداق قىلساق بولاتتى خان ئاتا، ھېلىمۇ قەشقەردىن چىققىنىمغا خېلى ۋاقىت بولدى. ئۇ يەردە قانداق ئىشلار يۈز بەردى، كەمىنە ئوغۇللىرى خەۋەرسىزمەن...ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەل ـ رەئىيەتنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ، بۇ يەردە تۇرىۋەر سەممۇ قاملاشما سمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ــ ئوبدان بۇلۇپتۇ ئەمىسە ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن.

يولۋاسخان دادىسىنىڭ بۇنچىلىك تېز ماقۇللۇق بېرىشىنى ئەمدىلائويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ خاس خانىگە كىرىشىنىڭ ئالدىدا «مەن كېتىمەن دېسەم، دادام چوقۇم قۇشۇلمايدۇ. ھېچ بولمىسا بىردەم تاقارىشىپ، مېنى ئۆز سۆزىگە كىرىشكە ئۈندەيدۇ، » دەپئويلىغان ئىدى. شۇڭا دەرگۇمان بولغاندەك ئابدۇللاخانغا قارىدىيۇ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغىنى كۆرۈپ تېزلا بېشىنى سىلىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ قەشقەردىن ئاتلىنىدىغانكۈنىنىڭ ھارپا ئاخشىمى غوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ؛بۇ سەپەرلىرى خەيرىلىك سەپەر بولغاي شاھزادەم، ئەمدى تەببەت ئىككىلەنمىسىلە، ھېلىمۇ نائىپ خانلىقتا يىگىرمە نەچە يىلدىن. كۆپرەك ئولتۇردىلا، دادىلىرى سىلىنىڭ ياشلىرىدا ئالىلقاچان شاھلىق تەختكە ئولتۇرغان ئۆزات يۇرتىدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇمەن دەپ كۆپ ھەرىج تارتتى. سىلى پەدەرى بۇرزۇك خاندائالىلىرىنىڭ ۋەلىئەھدىسى بولغاندىكىن، بۇرۇنراق ئونى غەمدىن خالاس قىلىپ، كىيىنكى ئۆمرىنىخاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە ھەمدەم بولغايلا، بۇ ئىككىلىنىدىغان ئىش ئەمەس، خان ئالىلىرىمۇبۇنى چوقۇم چۈشىنىدۇ.

ئەمما ئالدىراشــــچانلىقتا خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانلا يېرى بار. شـــۇڭا بۇنى ئۆزلىرى پەدەرى بۇزرۇكىنىڭ ســـەمىگە ســـېلىشـــنى بۇرۇچ دەپ بىلگەيلا. . . » دېگەنگەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى.

ئۇنىڭســـــزمۇ ئۇزۇندىن بېرى شــــۇنداق بىر كۈن كېلىشــــنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن يولۋاسخان مۇ شۇ سەپىرىدە خاننىڭ كۆڭلىگە ھىدايەت تىلەپ ئاتلانغانئىدى. شۇنىڭغىمۇ نىيا ســـەپىرىنى ئۆزى خالاپ تەلەپ قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ مەيلى ئەلەم ما ھارىتىدە، مەيلى قەلەم ماھارىتىدە پىشـــپ يېتىلگە نلىكىنى ئاتىســـىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئەپسۇس سىڭگى بىلەن دوقۇرۇشۇپ، بىرەر قەپەس ئېلىشـــشى تۇگۇل. ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. خۇدابەردى ھاكىم بەگ بىلەن ئىسكەندەر پالۋان سىڭگى ۋەئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى سۈتۈۋقاي قىلىپ، ئاخىرى ئۇلارنى ئاق بايراق چىقىرىشقا مەجبورلاپ، بۇ دورەم كەتكەن يولى بىلەن قايتىش، كىيىن بۇ يۇرتلارغا قايتا ئاياق باسما سلىق شەرتىبىلەن يولغا سېلىپ قويغان ئىدى.

يولۋاســـخان بۇنى ئاڭلىغاندا يېرىلىپ كېتەيلا دەپقالغان بولســـمۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. نىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كىيىن، قەشقەرگەدادىسى بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، قەلبىدىكى كۈنسايىن لاۋۇلداپتۇرغان تەخت ۋە سۆۋە سى غالىب كېلىپ، ئۇنى خاس خانىگە باشــــلاپ كىردى. لېكىن ئابدۇللاخانئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېيىش تۇگۇل تەلپىگە چاپسانلا ماقۇل دەۋەتتى.

- تەنلىرىنى ئاســـرىغايلا ئاتا، - دېدى يولۋاســـخان خېلىئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كىيىن، - تەختكە چىققاندىن بېرى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن خانلىقنى قايتىدىن بىرلە شتۈرۈش داۋامىدا ئاز رىيازەت تارتمىدىلا، بارمىغان بەدەشـــقان، لەشـــكەرتارتمىغان كۈچا، خۇتەنلەر قالمىدى،

ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن بويلىرىنىڭ ئاسان بۇلىشى ئەل ـ رەدىيەتتىكىلا ئەمەس پۇشتى ـ پاناهلىرى بولمىش پەرزەنتلىرىنىڭمۇ بەختى. . .گەپنىڭ بارا ـ بارا ئۇزۇندىن بىرى ئۆزى ئەندىشە قىلىۋاتقان تەرەپكە بۇرۇلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئابدۇللاخان سەل سەگەكلە ـ شتى ـ دە، پەر ياستۇقتا يۆلەنگەن گەۋدىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى.

ـ شاهزادەمنىڭ شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگىنىگە ھەشقەللا، چوقۇم دىگەنلىر ـ نى ئېسىمدە تۇتۇمەن. . . .

ـ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ئارتۇقچە تەكەللۇپنىڭ هاجىتىيۇق، خان ئاتا، ئۆزلىرىنىڭ مەن ۋە ئوغلۇمغا كاتتا شاپائەت قىلىپ، قەشقەرۋە خۇتەنلەرنىڭئائىپ ئەمىرلىك مەنسۋىنى ئاتا قىلغانلىرىغا مىڭ ـ مىڭ تەسەننا. شۇنداقتىمۇ كۆپ ئېهتىيات قىلغايلا، مەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىسام. ئوردىدا رىياكار ئەمىرلەر كۆپىيىپ قالغانمىش. ئىشەنچلىك ئەمىرلەر بارغانسېرى يىتىم قىلىۋاتقانمىش. شۇڭا جازالايدىغىننى جازالاپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق هازىرقى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش جايىزمىكىن خان ئاتا؟

ـ قىنى تەپسىلىيرەك سۆزلىسىلە نائىپ خان !، ـ دىدىئابدۇللاخان ئۇنى ئادەم يۇقسورۇنلاردا شاهزادەم، ئوغلۇم دەيدىغان ئادىتىنى بىردىنلائۆزگەرتىپ، «نائىپ خان» دىگەن سۆزنى ئورغۇلۇق قىلىپ ئېيتىپ. يولۋاسخان بۇ گەپلەرنىدىئاڭلاپ سەل چۆچىدىيۇ، ئەمما خۇجا هىدايىتۇللا ئىشاننىڭ گەپلىرىنى بىردىنلا يادىغا ئېلىپ، ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى.

ـ ئوردىدا ئىشەنچلىك ئادەمىيەرنىڭ ئازىيىشى خەۋپلىكتۇر. شۇڭا ئىشەنچلىك كىشىلەرنى مەنسەپكە قويۇپ، شۇ ئارقىلىق مۇتلەق ئۇستۇن هالەتنى ساقلاشىزۇرۇردۇر. مىنىڭ مەسلەھەتىم ئەنەزىرىتىمگە خوپ كەلسە، مىرزا تىنبەگكە يەكەننىڭ هاكىملىقىنى، نەپى بەگكە ئىشىك ئاغىلىقنى بەسلە قانداق بۆلار ؟. . .

ئابدۇللاخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران بولدى، ھەم چۆچۈدى، ئۇ ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز بۇ ئىككى ئەمرنى ئۈستۈرۈش تەلپىنى قويۇشىنى ئەسلائويلاپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا دەرھاللا ئېغىز ئاچماي ئۇنىڭ يەنە قانداق خىيالى بارلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك سورىدى.

ـ يەنە قانداق ئاقىلانە تەكلىپلىرى باركىن، نائىپخان ؟

يولۋاسخان دادىسىغا غىلام ـ غىلام قاراپ قويغاندىنكيىن بىردىنلا ئىككىلىنىپ، بوغۇزىغا كېلىپ قىلغان گەپنى يۇتىۋەتتى. ئەمما يەنە نىمىشقىدۇرمۇشۇنداق ئوبدان پەيتنى ئۆتكۈزۋەتسە، كيىن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قېلىشىدىنئەنسىرەپ، گەپنى ئەگىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇچۇق قىلدى. ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا يۇشۇرىدىغانىسىر يوق، خان ئاتا، ئەگەر نىيەتلىرىڭىزگە مۇخالىپ كەلمىسە، بۇنىڭدىن كيىن قوللىرىڭىزغا قول، پۇتلىرىڭىزغا پۇت بولۇپ، خىزمەتلىرىڭىزنى قىلسام، كيىنكى ئۆمۈرلىرىڭىزنى خاتىرجەم كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىپ بەرسەم دېگەن ئويدىمەن. . .

ئابدۇللاخان بۇگەپنى ئاڭلاپ، قەھرىتان قىشتا كاچكۆلگەچۈشۈپ كەتكەندەك چۆچىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ھەر قانچە بولسىمۇ، ئۆز ئارزۇسىنى بۇنداق ئاشكارائوتتۇرىغا قويۇشىنى ئەمدىلا ئويلىمىغان ئىدى .ھىندىقۇش مىرزىمۇ «شاھزادىدىن ئەنسىرىمىسىلىمۇ بۇلىدۇ، ئۇنى كۈشكىرتۋاتقان ئادەم بار. ئۇ ھەر قانچە بولسىمۇ، يالىڭاچ سۇدىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلمايدۇ دېگەن ئىدى. بىراق مانا ئەمدى بۇ گەپكە نېمە دېگۈلۈك. . .ھەي بىچارە شاھزادەم سەن خانلىق تەختكە نېمانچە ئالدىراپ كېتىسەن ؟. بۇ جەھەتتە مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار ئىدىغۇ؟ مەن ئۆلسەم شاھلىق تەختنى گۆرۈمگە بىللە ئېلىپ كەتمەيمەن. ساڭا قالدۇرىمەن دەپ ئاتايىن سىنى ۋەلىئەھدى دەپ جاكارلىغان ئىدىمغۇ ؟. . .!

ئابدۇللاخان تەگسىز خىياللار ئىچىدە ئۆزىگە زۇرئۇمىد، ئىشەنچ بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ بىر هازا ئولتۇردى ـ دە، قايىنغانچۆگۈنگە ۋاقتىدا سوغۇق قۇيۇپ، پەسكويىغا چۈشۈپ قۇيمىسا تېشىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قۇيىشىدىنئەنسىرەپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەمرگە يۇقىرى مەنسەپ بېرىشكە دادالەت قىلىشى ئاتىسىنىڭ تۇمۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈش، ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ئۇچۇن يول ئىچىش ئىدى. خان بۇنى ئاللىبورۇنچۇشۇنۇش يەتكەچكە تۇمتاقا جاۋاب بەردى.

ـ ئىككى ئەمرنىڭ ئىشىغا ئالدىراپ بىر نېمە دېگىلى بۇلمايدۇ، نائىپ خان، هازىر يەكەننىڭ هاكىمۇ، ئوردىنىڭ ئىشىك ئاغىسىمۇ خىزمەتلىرىنى بىجاندىل ئىشلەۋاتىدۇ. سىز تەۋسىيە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇلاردەك قابىل، ئۆز ۋەزىپىسىنىڭهۆددىسىدىن تولۇق چىقالىشى ناتايىن، شۇڭا كېيىنچە مۇۋاپىق ئورۇنغا ئۇيلىشىپ باقارمەن. سىزنىڭ ئىشىڭىزغا كەلسەم، تېخى بوجەهەتتە تولۇق ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلمىدىم. شۇڭاباشقا خىياللاردا بولماي، قەشقەردىكى ۋەزىپىڭىزنىڭ هۆددىسىدىن تولۇق چىققايسىز. يولۋاسخانبۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىردىنلا شۇك بولۇپ قالدى. ئۇ ئاتىسىنى «ئوشتۇم باراقەت بۇنداقگەپلەرنى قىلمايدۇ، هېچ بولمىسا، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئىشەنچ ئۇمىدىمنى ئاشۇرىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇڭا زەيكەش يەرنىڭ چالمىدەك بىردىنلا بۇ شۇ شۇپلا كەتتى ـ يۇ ئەممائاخىرقى كۆزىنى ئىشقا سالماقچى بولدى.

ـ يۇرەك پارىلىرىنىڭ كېيىنلىكى راستتىنلا ئويلاپ باقمىدىلىمۇ، خان ئاتا؟ مەنمۇ ئۆزلىرى ئۇچۇن كۆيۈپ پىشىپ يۇرت سوراۋاتىمەن، بۇنداقتاش يۇرەكلىك قىلمىسىلا. . . مەن ئۆزلىرىنىڭ پۇشتىغۇ ئاخىرى؟

- بۇنى قانداق چۈشەنسىلەر ئىختىيارلىرى، نائىپ خان، ئەمما ئىسلىرىدە بولسۇن، سىلىنى مەن سەككىز ياشلىرىدا قەشقەردەك چوڭ يۇرتقا، ئوغۇللىرى ئەبەيدۇللا سۇلتاننى ئون ئىككى يېشىدا خوتەندەك باغى ئىرەمگە نائىپ خانلىققا تەيىنلىدىم. مەن تاش يۈرەك بولسام، چۇرتلا ئۇنداق قىلمىغان بولاتتىم. شۇڭا بىرلا ئېغىز گەپ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى كەلمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭغىچە ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققايلا. . .

يۇلۋا سخان گەپ قىلمىدى. ئۇئەمدى يەنە گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. دادىسىنىڭ ئوي خىيالى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئېنىق بولغان ئىدى. شۇڭا يەنەبۇ قۇلاققا ياققۇدەك گەپ ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇردىمەن چىقاي خان ئاتا ئۆزلىرىنى ئاسرىغايلا !. . . ئالتۇن تەنلىرى ئامان بۇلغاي. ..!

- دىگەنلىرىدەكبولغاي !. . . ،-خان ئورنىدىنمۇ تۇرماستىن جاۋاب دېدى-دە يولۋاسخان خاس خانىدىن چىقىپكەتكەندىن كېيىن بىردىنلا ئۇلۇغ-كىچىك تىن ئالدى.

ھاۋا تولىمۇ ئۇچۇق ئىدى، غەرب تەرەپتىن ئۇرىلىۋاتقان شامال تۇغچى قو شۇندىكى لە شكەرنىڭ قولىدىكى ئەلەملەرنى يەلپۈيتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكىخەلىق ئۇلارنىڭ قايتىشىغا كۆزى قىيمىغاندەك تەرەزىدە ھۇڭا- سۇرەن قىلاتتى. ئابدۇللاخانئۇلارغا قاراپ ئاخىرقى قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، قوشۇنغا يولغا چىقىش ھەققىدەيارلىق بەرگەندىن كېيىن ئېتىغا قامچا سالدى-دە، قىريا دەرياسىنىڭ يان تەرىپىدىكى ياغبۇلاقنىڭشىمالىغا جايلاشقان قەبرىستانلىققا كېلىپ توختاپ، ئاتتىن چۈشتى، يىراقتىن يۈرەكنى ئەزگۈچىمۇقام ساداسىنى كېلىپ تۇراتتى. ئابدۇللا خان يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

شۇ ئەسنادا خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان مۇيىستىبكاۋۇل بېگى ئاۋازىنى تىترىپ تۇرۇپ قىرائەت باشلىدى. قىرائەت شۇنچىلىك مۇڭلۇق ئىدىكىئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز

بىكاۋۇل بەگنىڭ ئاۋازىغا ماسلىشىپ، يېنىك تەۋرىنىشكەباشلىدى. بىراق ئابدۇللاخاننىڭ نېمىشقىدۇر ئۇي ـ خىيالى توختاپ قالغان ئادەمدەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئوغلى بىلەن سۆھبەتلەـ شكەندىن كېيىن، بۆلەكچىلا بولۇپ قالغان ئىدى، ئولتۇرسا، قوپسا، ئويلايدىغىنى ئوغلىنىڭ سۆزى، ئۇنىڭ تەختكە ئالدىراپ قىلىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگەيولۋاسخاننىڭ ئۆزى بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قىلىشى بەكمۇ هار كەلگەن ئىدى. ئابدۇللاخان شۇندىلا ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇزنىڭ بارا ـ بارا قىلىنلاپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى زور ـ مۇزورتەدبىر قوللانسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما زادى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، خام ماي ئىچىۋالغان ئادەمدەك بولۇپ قالغان ئىدى. قىرائەت تۈگەپ، هەممەيلەن ئورۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ روهىغا يەنە بىررەت دۇئا قىلغاندىنكېيىن، گۈرردە ئورنىدىن تۇرۇشتى.

ـ خۇش، هاكىمبەگ جانابلىرى، ئەمدى ئۆزلىرى مەشەدەتۇرۇپ قالسىلا،

ـ دېدى ئابدۇللاخان ئاتقا تېزلىكتە مىنىپ، ـ دېيىشكىنىمىز بۇيىچە كېلەر يىلى ئاستاندا كۆرۈشەيلى.

ـ هېچ بولمىسا لايىسۆغىچە هەمراھ بولايلى !. .. ـ ياق، بولدى. ئاۋارە بولمىسىلا، كۆڭۈللىرى تېگىل بولدى. كۆرۈشكىچە ئامان بولسىلا. ..

خۇدا بەردى بەگ خاننى نىيىتىدىن ياندۇرالمىغانلىقىغاكۆزى يېتىپ، ماقۇللۇق بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتقاچ جاۋاب بەردى.

ـ ئۆزلىرىنى ئاسرىغايلا ئەنهەزىرىتىم. . . .

ئابدۇللاخان ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ئېتىغاقامچا سالدى، كىشنەپ تۇرغان ئارغىماق بىردىنلا ئالغا قاراپ قۇيۇندەك چاپتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىغا قامچا سالغىنىچە سۈڭگۈداشتى. ئۇزاتقىلى چىققانلار، ئاتلارنىڭتۇياقلىرىدىن كۆتۈرگەن چاڭ ـ توزانلار، تارقاپ سەپەرگە ئاتلانغا ـ نلارنىڭ قارىسى يۇقىغىچە تۇرۇشتى. سەيدىيە خانلىقىنىڭ شاھى ئابدۇللا ـ خان قالماقلارنىڭ كېرىيەگە قىلغان ھۇجۇمىنىئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىپ جەڭدە نۇسرەت قازاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ قالماقلار بۇ زېمىنغا قايتا ئاياق باسمىدى، جەڭدىن كېيىن كېرىيەدە ئابدۇللا خاننىڭ تەشەببۇس بىلەن هازىرقى قارلۇق ئۆستەڭ، سىيەكتىكى يامۇل ئۆ ستەڭ، چىرىدىكى ماخمال ئۆ ستەڭ ئېلىندى. مەكتەپ، مەدىرىسىلەرقۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى تىللاردا داستان بولدى ئەمما ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ئۆز نۆۋىتىدەئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇمەت تۈگمىنىگە سۇ باشلاپ. مېھرى ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق كۈيۈمچانلىقىنىڭ ئورنىغا ئىشەنمەستلىك، ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچتى.

خۇجاھىدەيتۇللا ئىشان يولۋاسخان ئارقىلىق ئابدۇللاخاندىن چوقۇق تارتىۋېلىپ، ئۆزى ئويلىغان، كېچە ـ كۈندۈز ئولتۇر سا، قوپسا كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان «دۆلەت ئۇ ستارلىقىدىن ئىبارەت خا سيەتلىك بوش ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، يولۋا سخاننى ئۆز دېپىغا ھەدەپ ئۇسسۇل ئوينىپ،، ئاخىرى ئاتا ـ بالىنى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەس قىلىۋەتتى ـ دە، پۇرسەتتىن پا يدىلىنىپ، قارا خەت ھيلىسى بىلەن بىگۇناھ ئوردا ئەمىرلىرنى ئابدۇللا ـ خانغا قەتلى قىلدۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشقا گۇمان، شۈبھە بىلەن قارايدىغان، ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كەتكەن ئابدۇللاخان نەۋرىلىرى ئەبەيدۇللا سۇلتان بىلەن خانزادە خىنىمنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ـ دە، مىلادىيە 1688 ـ يىلى خانلىق تەختىنى نا ئىلاج يولۋاسخانغا تا شلاپ قۇيۇپ، ھەج تاۋاپ قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان بولسىمۇ، خۇجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۈشكىرتىشى، يولۋاسخاننىڭ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن سەپەر جەريانىدا كاللىسىدىن ئايرىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ھوقۇق تالىشىش، سۈلۈك ماجىرالىرى كۆپىيىش، ئۆز ـ ئارا زىدىيەتپىشىش، قان قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشى قاتارلىقتۇرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەئىدىيە خانلىقى چاك ـ چېكىدىن سۆكۈلۈپ، ئاخىرى پۈتكۈل ھوقۇق ھىدايىتۇللا ئاپئاق خوجىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ خەلقنى زۇلمەت قاراڭغۇسىغا باشلاپ، نادانلىقتا قالدۇرغان سوپىزىم ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى .